
بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

المسلم الصيني

中国穆斯林



2

2011

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





رەئىس جيا چىڭلىن، مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈ، مۇئاۋىن رەئىس دۇ چىڭلىن قاتارلىق رەھبەرلەر بېيجىڭ خەلق سارىيىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىق خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.







2011-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بېيجىڭ خەلق سارىيىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىق خۇلاسە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى.




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك 4-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.



يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر يىغىننى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.



يىغىننىڭ گۇرۇپپىلار مۇزاكىرىسىدە، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى.



يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم شىنجاڭلىق ۋەكىللەر خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۈسۈف جەۋۋاد، رامىزان، مۇھەممەد ئابدۇللا تارتقان)

# جىا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىق خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جىا چىڭلىن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىق خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

جىا چىڭلىن ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن يىغىننىڭ چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، بارلىق يىغىن ۋەكىللىرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىدىن سەمىمىي ھال سورىدى.

رەئىس جىا چىڭلىن مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2001 ـ يىلى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنى قۇرۇپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى رەسمىي قانات يايدۇرغانىدى. 10 يىلدىن بۇيان، مەركەزنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىشى ۋە سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىدىغان ئاكتىپ ئىدىيەلەرنى قانات يايدۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، "ئۈچ خىل كۈچ"لەرنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى بۇرمىلىغان ۋە ئۆزگەرتكەن بىدئەت تەلىماتلىرىغا رەددىيە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىسلام دىنى خىزمىتىدە ئاساسىي تۈتىدىغان، ئۇل سالىدىغان، ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان خىزمەت بولۇپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان ئەڭگۈشتەر، مىللەت بۆلگۈنچىلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قورال، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشىغا يېتەكلەيدىغان ئاچقۇچ.

رەئىس جىا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەردىن مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەپسىر ۋە شەرھىشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، "ئۈچ خىل كۈچ"لەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىدىن ئاگاھلىق ھالدا مۇداپىئە كۆرۈپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

رەئىس جىا چىڭلىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: توغرا يۆنىلىشتە باشتىن ئاخىرى چىڭ تۇرۇشىمىز، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈشىمىز، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، بەختلىك گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئارزۇسىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈشىمىز، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈشىمىز، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى خەيرىيەت ئىشلىرىغا يېتەكلەپ، ئاخىرەتلىك شان ـ شەرەپنى قوغلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئالەمدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز، "12 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان"دىن ئىبارەت كۈرەش قىلىش ئۇلۇغ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن ئاتلىنىشىمىز، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز لازىم. پۇختا ۋە ئىشەنچلىك(داۋامى 9 ـ بەتتە)

# مۇندەرىجە

المسلم الصينى

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىق خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى ......... (1)
جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خۇلاسىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى ............ (4)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار مەسچىت ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدىكى قارارى (7) ......................................................
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك 4-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى .......... (8)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................................ ئابدۇرەھمان نا جۇڭ(10)
نىيەت ۋە ئەمەل ..................................... ئامانۇللا ھىزبۇللا(18)

## قۇرئان كەرىم تەپسىرى

«ئايەتۇلكۇرسى»نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ... شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(23)

## ۋەز-تەبلىغ

ئەپۇ قىلىش روھىغا ئىگە مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ......................... (34)
ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس ..................
خېلىل ھۇسەن(40) ..............................................................

## ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق

ياخشىلىقنى قولدىن بەرمەيلى................... كامىلە ئىسرائىل(42)

## ساھابە كىراملار

مەشھۇر تەپسىرشۇناس ساھابە ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ................. ياقۇپجان ئەزىز(46)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال ئومۇمىي 99-سان)
(季刊 总第99期)

پەخرىي باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
باش مۇھەررىر: ئادىل ھاجى كېرەم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
مۇھەررىرلەر: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى، بەت ياسىغۇچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر
名誉主编: 夏米西丁・哈吉
主编: 阿地里江・阿吉克力木
副主编: 巴拉提・拉吉甫
编辑: 安尼玩买买提
买买提阿布拉・艾买尔
美编、排版: 夏美希努尔・吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007－5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11－1346/B
邮发代号: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58—167
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720
国外代号: Q1720
E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

CHINA MUSLIM
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز

شېرىپجان داموللا ھاجىم............ ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات(51)

## ئىسلام بىلىم گۈلزارى

ئىسلام لۇغىتى ................................(55)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنى قەدىرلەش توغرىسىدا........
........مۇختەر ياقۇپ(57)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

ئېلىمىزدە شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى......................... (22)
دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى
........راھىلە ئابدۇكېرىم(33)
تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «ئىناق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ بەرپا قىلىش» پائالىيىتىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىناق مەسچىت، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ............(60)
جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى .........................(17)
شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 7-قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ......
........راھىلە ئابدۇكېرىم(33)
تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى..............................(59)
تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار، خەۋەرلەر...........
(62 — 64)..........................................
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرى زىيارەت ئۆمىكى قايتىپ كەلدى ............ مېھرىگۈل غوپۇر(54)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: ئوماندىكى زاۋاۋى مەسچىتى

بۇ سان 2011-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇني جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

2011
2
مەسئۇل ئورۇن: دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېلېفون نومۇرى: (010) 59313090, 59313021
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002؛ ئالاقىلەشكۈچى: ئەكبەر
تېلېفون نومۇرى: (0991) 5508069
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主管单位: 国家宗教事务局
主　　办: 中国伊斯兰教协会
编辑出版:《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷: 中央民族大学印刷厂
订阅、发行: 全国各地邮局, 乌鲁木齐市邮政局;《中国穆斯林》维编部
地址: 北京市宣武区南横西街 103 号
邮编: 100053
电话: (010) 59313090, 59313021
新疆发行站:乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编:830002　电话: (0991) 5508069
联系人: 艾克拜尔
国外发行: 中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)

ئۇيغۇر كىتاب تورى

# جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خۇلاسىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خۇلاسىلەش يىغىنى 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى خۇلاسىلەندى، جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە نىشانى بېكىتىلدى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى؛ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىن دوكلات بەردى؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۇي "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار مەسچىت ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدىكى قارارى"نى ئېلان قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن مۇنداق دېدى: "10 يىلدىن بۇيان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى "يېڭى ۋەز-تەبلىغ"سۆزلەشنى ئاساس قىلغان شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتەك توغرا يولغا يېتەكلەپ ۋە تەربىيەلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىكى پايدىلىق ئىزدىنىشتۇر. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ياخشى ۋەزىيەتتە داۋاملىق ئىلگىرىلەش كېرەك. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، 10 يىللىق تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» توپلىمىنى داۋاملىق تۈزۈپ تارقىتىش، مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈش كېرەك؛ ئىناق مەسچىت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ دىنىي زاتلارنىڭ، ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى سەھىپىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىش لازىم. تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتنى مۇستەھكەملەش كېرەك. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر، دىنىي زاتلار ۋە جامائەتنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن قەلبداش، بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپا ۋە دىنىي بىلىمگە ئىگە غوللۇق خادىملار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك؛ شۇنداقلا خەلقئارا ئىسلام ئىلمى ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ ھەم قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز كېرەك؛ يىراقنى كۆزلەپ، پىلاننى ياخشى تۈزۈش كېرەك. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ئۇزاق مەزگىللىك پىلان تۈزۈپ، باسقۇچلۇق نىشانىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەرنى بېكىتىۋېلىشى

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

كېرەك؛ بوشاشماي تىرىشىپ، يېڭى ۋەزىيەتكە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىغا داۋاملىق ماسلىشىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىنى رازى قىلىشى كېرەك.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن مۇنداق دېدى: "10 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆزىنىڭ غەيرىتى ۋە ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈردى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ، ئۈلگىلىك ۋەز-تەبلىغلەرنى يېزىپ ھەم سۆزلەپ، مەسچىت مۇنبىرى ئارقىلىق 'ئۈچ خىل كۈچ'نىڭ ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشتەك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ ھەم ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن بولغان چەك-چېگرىنى ئايرىتىپ، ئېتىقادنى توغرىلاپ ھەم ئىنقىلاپ، توغرا ۋەز-تەبلىغ يولىنى ئىزدەپ تېپىپ، بۇ جەھەتتە قىممەتلىك تەجرىبە توپلاپ، جۇڭگو ئىسلام تارىخىدا پارلاق سەھىپە ياراتتى. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئېڭى كۈچىيىپ، ئۆزلىرىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇردى، ئىسلام دىنىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتەك ئىلغار تەشەببۇسىنى پائال تەشۋىق قىلدى. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىدىكى ئەڭگۈشتەر، ئىسلام دىنى خىزمىتىدىكى كاتتا يېڭىلىق".

ۋاڭ زوئەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش جيا چىڭلىن ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە ئۈمىدلەرنى كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چارە-تەدبىر بېكىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق تۇغىنى يەنىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىناقلىق، رەھىمدىللىك، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇشتەك تەشەببۇسلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ "مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش"تەك ئورتاق تەلپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش، ۋەز-تەبلىغ قىلىش، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئىشلىرىغا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى توغرا يولغا داۋاملىق يېتەكلەش لازىم. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىنى قوللاش ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشى، دىن ئىچىدىكى مەزھەپ توقۇنۇشلىرىنى توسۇشى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، يېڭى ۋەز-تەبلىغلەرنى تۈزۈش، سۆزلەش ئارقىلىق جامائەتنىڭ ئىدىيەۋىي تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى لازىم. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈشى لازىم. بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى يېڭى ۋەز-تەبلىغلەرنى دىنىي زاتلار ۋە جامائەتنىڭ ئاڭلىغان-ئاڭلىمىغانلىقى، قوبۇل قىلغان-قىلمىغانلىقى، رازى بولغان-بولمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ئىدىيەۋىي چاتاقنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغان-قىلالمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يېڭى ۋەز-تەبلىغ تۈزگۈچىلەرنى مەسچىتلەر، ئىمام-خاتىپلار ۋە جامائەت ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ-ئارزۇلىرىنى چۈشىنىش، يەرلىكتىكى ياخشى چارە، ياخشى تەجرىبەلەرنى خۇلاسىلەش كېرەك. تۈزۈلگەن ۋەز-تەبلىغلەرنىڭ نوپۇزىنى، قاراتمىلىقىنى، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئاممىباپ، جەلپ قىلارلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنداقلا يەرلىكتىكى ئىمام-خاتىپلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، كىتابىي مەزمۇنلارنى ئاددىي، ئوبرازلىق، ۋەقەلىكسىمان، ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا سۆزلىيەلەيدىغان بىر تۈركۈم ناتىق ئىمام-خاتىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، جامائەتنى ۋەز-تەبلىغنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ئاسان چۈشىنىدىغان، ھەق-ناھەقنى روشەن پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئاڭلىغان بويىچە ئىش قىلالايدىغان قىلىش كېرەك.

ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن ئاخۇن مۇنداق دېدى: "10 يىلدىن بۇيان پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ، دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ

قوللىشى بىلەن، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ئارقىسىدا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىمىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا ۋە ئەسەبىي ئىدىيەلەرگە قارشى تۇرۇش، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش، مۇسۇلمانلارنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا يېتەكلەش ۋە دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ خىزمەتنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى باسقۇچتا، تارىخىي ۋەزىپە يۈكلىنىپ، يول ھازىرلاندى؛ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئىككىنچى باسقۇچتا، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» تۈزۈلۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام، ئۇتۇقلۇق راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى. ئۈچىنچى باسقۇچتا، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىق خىزمەت فۇنكسىيىسى قۇرۇلۇپ، خىزمەت ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى“.

ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزلۈك ئىزدىنىشى ۋە ئەمەلىيىتىدۇر، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىشنىڭ ئېھتىياجىدۇر؛ شۇنداقلا دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاسىتە ۋە پايدىلىق سىناقتۇر. بۇ خىزمەت پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق ئۈچ خىل كۈچنىڭ خاتا، بىدئەت تەلىماتىغا رەددىيە بېرىلدى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىشقا، ئىلىم-مەرىپەت ئېلىشقا، تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەندى. بۇ خىزمەت ئارقىلىق يەنە ئىسلام دىنى ساھەسىدە بىر تۈركۈم غوللۇق ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى.

ئاخىرىدا ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مۇنداق دېدى: ”بۇندىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بىز تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن، ئىلگىرىكى خىزمىتىمىز ۋە نەتىجىلىرىمىز ئاساسىدا تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، دادىل ئىزدىنىپ، داۋاملىق ئۆگىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەيدىغان، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشكە يېتەكلەيدىغان، كىشىلەرنى تەرەققىياتقا ئۈندەيدىغان، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشقان، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا چۈشەندۈرۈپ توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ياخشى ۋەز-تەبلىغلەرنى تۈزۈپ چىقىمىز؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ھەر خىل ئۈنۈملۈك يوللار ئارقىلىق داۋاملىق كۈچەيتىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرگۈچى ئىمام-ئاخۇنلار قوشۇنىنى زورايتىپ، يېڭى ۋەز-تەبلىغلەرنى كەڭ تارقىتىپ، توغرا ئىدىيەنى ئومۇملاشتۇرىمىز“.

يىغىندا، خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھىرى جۇشەن بازىرى مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى لىيۇ شۆچياڭ ”ئىسلام دىنى ۋەتەننى، ئىتتىپاقلىقنى، تىنچلىقنى سۆيىدىغان دىن“ دېگەن تېمىدا ۋەز-تەبلىغ سۆزلىدى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى كېرەم ئابلىز شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ خىزمەت تەجرىبىسىنى سۆزلىدى. يىغىندا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق 10 ئىسلام دىنى تەشكىلاتى ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ“؛ چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى دۇڭگۇەن مەسچىتى قاتارلىق ئون مەسچىت ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار مەسچىت“؛ مۇ كېفا قاتارلىق 10 دىنىي زات ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى 10 ئىلغار شەخس“ بولۇپ تەقدىرلەندى.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى ۋە بېيجىڭدىكى مۇسۇلمان زاتلاردىن بولۇپ 200 دەك كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار مەسچىت ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدىكى قارارى

دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدە شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر ۋە ئىسلام دىنى خادىملىرى بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئەقلى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىپ، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش، مۇسۇلمان ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. 10 يىلدىن بۇيان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورنى قۇرۇپ، ھەر خىل شەكىلدە يېڭى ۋەز-تەبلىغ ئۆگىنىش، يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش، يېڭى ۋەز-تەبلىغ يېزىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىمام-خاتىپلارنى تەشكىللەپ «يېڭى ۋەز-تەبلىغ توپلىمى»نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ، بۇ كىتابلاردىن تولۇق پايدىلاندى؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى غوللۇق خادىملارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئالاقە ھەمكارلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، خىزمەت قوشۇنىنى زورايتتى؛ ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سەييارە ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شەرىئەت تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ دىنىي پائالىيىتىنى توغرا يولغا يېتەكلىدى؛ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نى ھەر قايسى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مۇھىم دەرسلىكى قاتارىغا كىرگۈزدى؛ مۇسۇلمان ئاممىسىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشتەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلدى. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار پائالىيەتلەر ئارقىلىق دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرىدا كەڭ-كۆلەملىك، چوڭقۇر ۋە ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلدى، بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار مەسچىت، ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى، ئۇلار شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى تىپىك ئۈلگە، ئىلغار نەمۇنىچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ تۆھپە، نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۆۋەندىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار مەسچىت، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى.

**ئىلغار كوللېكتىپ:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يۈننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، خېنەن ئۆلكىسى جياۋزو شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى.

**ئىلغار مەسچىت:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غۇلجا شەھىرى بەيتۇللاھ مەسچىتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن 3-دىۋىزىيە 44-تۇەن مەركىزى مەسچىتى، چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى دۇڭگۇەن چوڭ مەسچىتى، شىزاڭ لاسا مەسچىتى، شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرى جەنۇبىي چوڭ مەسچىتى، خېبېي ئۆلكىسى جاڭجياكوۋ شەھىرى شۈەنخۇا جەنۇبىي مەسچىتى، شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرى خۇاجۆشياڭ مەسچىتى، لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنياڭ شەھىرى جەنۇبىي مەسچىتى، خۇنەن ئۆلكىسى چاڭدې شەھىرى مەسچىتى، جىلىن ئۆلكىسى چاڭچۈن شەھىرى چاڭتۇڭلۇ مەسچىتى.

**ئىلغار شەخسلەر:** مۇ كېفا(ئەنخۇي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئەنخۇي ئۆلكىسى مائەنشەن شەھىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، شا فۇچۈەن(سىچۈەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، سىچۈەن ئۆلكىسى دۇجياڭيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ما چېڭدې(تيەنجىن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تيەنجىن شەھىرى چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، يۈ زۇڭرېن(نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى يىنچۈەن شەھىرى شىشيا رايونى يىڭبېي مەسچىتى ئىمامى)، جاۋ شۆبى(شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، شاڭخەي شەھىرى فۇيولۇ مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ما يۈنفېڭ(چۇڭچىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، چۇڭچىڭ شەھىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ۋېي شاڭجۇ(خۇبېي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرى مىنچۈەن يولى مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ئابدۇقادىر ساۋۇت(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى)، شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى)، ليۇ شۆچياڭ(خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھىرى جۇشەن بازىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك 4-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك 4-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى، ھەر قايسى ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر قايسى بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈەن شا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بۇ يىللىق "ئىككى يىغىن" ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، جايلاردىكى "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتى، ئىناق مەسچىت بەرپا قىلىش ۋە ئۆز قورۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل ھالدا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا تەييارلىق قىلىشنى چۆرىدىگەن ئاساستا مۇناسىۋەتلىك چارە ۋە قارارنى ماقۇللاشتىن ئىبارەت. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈەن شا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن مۇھىم سۆز قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ خىزمەت دوكلاتى بەردى. دوكلاتتا "ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ يېڭى تۆھپىلەر مەيدانغا كەلدى؛ 'شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش' ۋە دىنى ئىشلار خىزمىتىدە يېڭى يارقىن نۇقتا مەيدانغا كەلدى؛ ھەج ئىشلىرى خىزمىتىدە يېڭى تەدبىرلەر مەيدانغا كەلدى؛ تاشقى ئىشلار تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى؛ مەدەنىيەت تەتقىقات خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؛ ئىختىساسلىقلار قورۇلۇشى خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى" دېگەن تېمىلاردا توختىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىدى.

يىغىننىڭ گۇرۇپپىلار مۇزاكىرىسىدە، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى، ھەممە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى يۇقىرى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قىلىنغان، چوڭقۇر مەزمۇنغا ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئېنىق يۆنىلىش بەلگىلەپ بەردى، مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە، چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم، دەپ قارىدى. خىزمەت دوكلاتىمۇ دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يىغىن داۋامىدا دائىمىي ھەيئەتلەر "جۇڭگو ئىسلام دىنى 9-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرى ھەممە جۇڭگو ئىسلام دىنى 9-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ھەيئەتلىرى، دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى تاللاش چارىسى ۋە سان تەقسىماتى لايىھەسى"، "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت گىرىبىنى تاللاش لايىھەسى"، "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەت دوكلاتى"، "جۇڭگو ئىسلام دىنى 9-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارنامىسى" قاتارلىق يىغىن ماتېرىياللىرىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

4-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك 4-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لېبىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىرىنچىدىن، نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئىككىنچىدىن، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش"تىن ئىبارەت مۇھىم خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەش، ھەممە بۇ خىزمەت بىلەن مۇسۇلمان ئاممىسىغا تېخىمۇ ياخشى پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىش تەلپىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت يۈنىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى

خىزمەت قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، بۇ يىللىق ھەج خىزمىتىنى ئەستايىدىل مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇش، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ياخشى ئورۇنداش ھەمدە ھەج ئىشلىرى خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشنى يىلدىن-يىلغا ياخشى ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. تۆتىنچىدىن، ئىتتىپاقلىشىپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى ياخشى ئىشلەپ، سۈپەتلىك قۇرۇلۇش، ئېسىل قۇرۇلۇش قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، بۇ نەتىجىمىز بىلەن مەركەز ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشىمىز لازىم. بەشىنچىدىن، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەننى جارى قىلدۇرۇپ ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەش روھىمىز بىلەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. يىغىلىش مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلتىپ داموللا ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۈي يىغىن خۇلاسىسى قىلدى.

4-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بارلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

(بېشى 1-بەتتە) ھالدا خىزمەتلەرنى ئالغا سۈرۈشىمىز، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، دىنىي دەستۇرلارنى ئاساس قىلىپ، "يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر"نى ياخشى تۈزۈشىمىز، ئۇنى قانۇن ۋە سىياسەت يول قويىغان دائىرە ئىچىدە ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن، ئېتىقادچى ئامىمنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا يېقىن قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەز-تەبلىغ خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىسلام شەرىئىتىدىكى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا تەشۋىق قىلىپ، مېڭىسىگە، قەلبىگە سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، خۇلاسە قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسلىدە قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىجىلىرىدىن ئاكتىپلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەنئەنە ۋە ھازىرقى زامان، ۋارىسلىق ۋە تەرەققىيات، دىن ئەھۋالى ۋە دۆلەت ئەھۋالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلغار نەتىجىلىرىدىن ئاكتىپ ئۆلگە ئېلىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز مولLاشتۇرۇپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشى جەھەتتە يېڭى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەربىيەلەش كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرگۈچىلەر، ۋەز-تەبلىغ سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى، سىياسەت، قانۇن سەۋىيەسى ۋە دىنىي ئىلمىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەمدە ھەرخىل ئۈنۈملۈك شەكىللەر ئارقىلىق "يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر" تۈزىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ ۋە بايقاپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمەت قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

رەئىس جىيا چىڭلىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار سىياسىي ۋە ئومۇمىيلىق يۇقىرى نۇقتىسىدىن قاراپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەقىقىي ياردەملىشىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۈي لياڭيۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن قاتارلىق رەھبەرلەر كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

# ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئابدۇرەھمان نا جۈڭ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مەلۇم ۋاقىتقا بارغاندا، كىشىلەرنىڭ بەزىسى تەقۋادار بولۇپ قالىدۇ، بەزىسى گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ئىلىم بىلەن ساقلايدۇ"**.

ئىلىم — ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى. ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، كىشىلەر ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپ گاڭگىراپ قالغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا مۇستەقىل ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا مۇئامىلە قىلالماي، بۇرۇنقىلاردىن قالغان كونا قائىدىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەقلىنى يوقاتقان، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش يوللىرى ئېتىلىپ قالغان، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە بۇتپەرەسلىك ئەۋج ئېلىپ، ئىلىمنىڭ مەنبەسى قۇرۇغان، كىشىلەر تۇيۇق يولدا تېڭىرقاپ قالغان، نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتكەن، بالايى ـ ئاپەت كۆپىيىپ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، كەڭ زېمىن جىنايەت ماكانى بولۇپ قالغانىدى.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ باب ـ باراۋەر بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزئارا كەمسىتىشنى ئىلىم بىلەن يوقىتىدىغان توغرا يولغا باشلاشتىن ئىبارەت ئومۇمىي پرىنسىپنى تۈزۈپ چىقتى: **"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر ۋە بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن) ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر(يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق**

**بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)“** {سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 13 ـ ئايەت}.

مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولۇشى، تېرە رەڭگى، تىل، يۇرت... قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كەمسىتىشكە سەۋەب بولماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى چىرىك ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرنىڭ بارىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

مۇشۇ ئاساستا، ئىسلام دىنى بىلىم ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، كىشىلەر كۆزىتىش ۋە پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى، ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇلدى، كىشىلەرگە، ئەگەر بارلىق بىلىملەردىن پايدىلىنىشقا سەل قارايدىغان بولساڭلار، چوقۇم تەمتىرەپلا ياشايدىغان قۇللارغا ئايلىنىپ قالىسىلەر، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئىسلام دىنى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق، تەسىرلىك تىللار بىلەن بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **„شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى(ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى-ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر“** {سۈرە«ئەنفال»(8 ـ سۈرە)، 22 ـ ئايەت}؛ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: **„ئۇلارنىڭ تولىسىنى(كۆپىنچىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر“**{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 44 ـ ئايەت}.

قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن سۈرىلەرنىڭ ئاخىرىدا „سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟“، „سىلەر ئويلاپ باقمامسىلەر؟“...دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنى ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **„ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن(خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى“**{سۈرە«ئەلەق»(96 ـ سۈرە)، 1—5 ـ ئايەتلەر}.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىشكە ئۈندەيدۇ: **„كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك ئاللاھ تاغلارنى ياراتتى)، تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەرخىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر“**{سۈرە«فاتىر»(35 ـ سۈرە)، 27 ـ ، 28 ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنى ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلغان ئىلىم نادانلىقنى يوقىتىدىغان، ئالەمدىكى كائىناتنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەممە بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **„ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ“**{سۈرە«يۈسۈف»(12 ـ سۈرە)، 105 ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى ئالەمگە، ئالەمدىكى ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارغا، ئۆسۈملۈكلەر ۋە يەر ئاستى بايلىقلارغا بۇراشقا چاقىرىدۇ، كىشىلەرنى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن، خۇراپاتلىققا ئىشىنىپ كېتىشتىن توسىدۇ، ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ بىلىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ پەرەز ۋە خام ـ خىيالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **„ئۇلارنىڭ تولىسى(بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ“**{سۈرە«يۇنۇس»(10 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت}.

كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىدىغىنى ۋە قوبۇل قىلىدىغىنى يالانلىق، نەپسانىيەتچىلىك بولماستىن بەلكى ھەقىقىي ئىلىم بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **„(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ’سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، ئاللاھقا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر‘ “**{سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 148 ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، چىرىك ئەنئەنىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىردى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: „ئىلىم-

www.uyghurkitap.com

**ھېكمەت مۇئمىنلەرنىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تاپسا ئۇلار ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىق**"(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇ پرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بارغانلا يېرىدە ئىلىم تەھسىل قىلدى. ئەرەبلەر يىراققا يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئىراق، سۈرىيە، مىسىر، مەغرىب، ئىسپانىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا... قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئىلىم - مەدەنىيىتىگە، بولۇپمۇ ئىراننىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىغان. چۈنكى ئىران يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. سۈرىيەلىكلەر يۇناننىڭ كۆپ قىسىم مەدەنىي مىراسلىرىنى ئارامىيە يېزىقى(قەدىمكى سۈرىيە يېزىقى)غا تەرجىمە قىلغان ۋە ئەدەسسا، نەسىبىن، ھەران، جىندىسابۇر قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ ئېچىپ، يۇنان مەدەنىيىتىنى تارقاتقانىدى. بۇ ھال مۇسۇلمانلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلىدىغان، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلمىي ئىدىيە جەھەتتىكى مىراسلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ئارزۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

مۇسۇلمانلار شامنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن، ئەرەبلەر سۈرىيەلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلاپ، سۈرىيەلىكلەرنىڭ ئەدەسسا، ئەنتاكىيە قاتارلىق جايلىرىدا قۇرغان مەكتەپلىرىنى كۆرگەن. ئۇمەۋىيە سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە ئابباسىيە خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىدىغان مۇسۇلمانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن ۋە ئۇلار تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە كىتابلىرىنى ئارامىيە تىلىدىن تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىران، سۈرىيە ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرخىل ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن دەسلەپكى چاغلاردا تەرجىمە خىزمىتىنى مۇسۇلمانلار تەشكىللىسىز ھالدا ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان.

خەلىپە مەئمۇن ھاكىمىيەت تۇتقان دەۋرگە كەلگەندە يېڭى تەدبىرلەر قوللىنىپ، باغدادتا مەشھۇر ئىلمىي تەتقىقات ئورنى «بەيتۇل ھېكمەت(ھېكمەتلەر خەزىنىسى)»نى قۇرۇپ، قەدىمكى ئىلىملەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغان. خەلىپە مەئمۇن يەنە ۋىزانتىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ۋىزانتىيە پادىشاھىدىن مەشھۇر قەدىمكى كىتابلارنىڭ قول يازما نۇسخىسىنى يىغىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

مۇسۇلمانلار كەينى - كەينىدىن يىراق جايلارغا بېرىپ قەدىمكى كىتابلارنى يىغقان ھەم ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئابباسىيە سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمانلار يىغقان قەدىمكى كىتابلار باغدادقا توپلانغان. شۇ چاغلاردىكى باغداد ئىلىم - مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تۈگىمەس خەزىنىسىگە ھەم ئىنسانلار ئىدىيىسىنىڭ بىپايان دېڭىزىغا ئوخشاش ئىدى.

خەلىپە مەئمۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەن. ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە مەئمۇنغا ۋارىسلىق قىلغان خەلىپىلەرمۇ شۇنداق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى تەرجىمانلار ئارقا - ئارقىدىن باغدادقا يىغىلىپ، يۇنانچە، ھىندىچە يېزىلغان نۇرغۇن قەدىمكى كىتابلارنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان.

دېمەك، كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى مەئمۇن زامانىسىدىن تارتىپلا ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئىشقا ئايلانغان. قىسقىغىنا 200 يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار قەدىمكى ئىلمىي ئىدىيىنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ قالغان.

شەك - شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئىسلامىيەت ئەرەبچە تەرجىمە ھەرىكىتى ئالاھىدە تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان ھەرىكەت، ئۇ تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. لېكىن بەزى غەرب تارىخشۇناسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسىنى كۆچىنىڭ بېرىچە تۆۋەنلىتىشكە ئورۇنۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى ئىنكار قىلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەرنى

تەرجىمە قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مىللەتلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا ئۆزئارا ئۆگىنىشى، بىر-بىرىنى تولۇقلىشى لازىم. بۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ھەممىسگە ئورتاق نەرسە، ھەربىر مىللەت باشقىلاردىن ئۆگىنىشى لازىم. شۇنىڭدەك، ھەربىر مىللەتنىڭمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بولىدۇ. تارىختا پەقەت ئۆزى ياراتماي، ساپلا سىرتتىن قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت زادىلا بولغان ئەمەس. پەقەت سىرتتىن قوبۇل قىلماي، ساپلا ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەتمۇ زادىلا بولغان ئەمەس.

مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت جەھەتتە ھېچنەرسە ياراتمىغان دېگەن گەپ تارىخى پاكىتقا زادىلا ئۇيغۇن ئەمەس. ئوتتۇرا ئەسىردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىراسى ۋە ئىجادىيىتى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم-پەنلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ئىلمىي كۆزقاراشلىرى بولغان. مۇسۇلمانلار تەرجىمە خىزمىتى ئارقىلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىزاھلاش، شەرھلەش، تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. بۇ تارىخى پاكىتلار ئاسماندىكى كۈن بىلەن ئايدەك روشەن تۇرۇپتۇ، ئادىل تارىخشۇناسلار بۇنى قىلچە ئىنكار قىلمايدۇ.

مۇسۇلمانلار قۇدرەتلىك ئىجادىي كۈچكە ئىگە، ئۇلار ئۆگىنىش، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش داۋامىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىجاد-ئىختىرا، كەشپىيات بىلەن شۇغۇللانغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى غايەت زور. مۇسۇلمانلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەرەب تىلى بىلەن تارقىتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. لېكىن ئەرەب تىلى بىلەن تارقىتىش جەريانىدا گىراماتىكا جەھەتتە خاتالىق يۈز بېرىشتىن خالىي بولالمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار كۆچمەن چارۋىچى ئەرەبلەر رايونىغا كىرىپ ئۇلاردىن توغرا ۋە ساپ بولغان ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن، ئارقىدىنلا قۇرئانغا ۋە ھەدىسكە، قەدىمكى شېئىر-قوشاقلارغا، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تىلىغا ئاساسەن ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىققان. مۇسۇلمانلار جاپالىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىش ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئەگەر قۇرئان ئاساس قىلىنمىغان بولسا بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايتتى.

تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى جەريانىدا ئەرەب تىلىدا يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى كۆپەيتىشكە توغرا كەلگەچكە، مۇسۇلمانلار نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى ياساپ، يېڭى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تاپقان. مىلادىيە 9-ئەسىردىن ئىلگىرى ئەرەب تىلى پەقەت ئەدەبىي تىل ۋە شېئىر-قوشاق تىلىدىنلا ئىبارەت بولغان بولسا 9-ئەسىردىن كېيىن بارا-بارا تەرەققىي قىلىپ ئىلىم-مەرىپەت تىلىغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن باغدادتا ۋە باشقا مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە شانلىق ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

ئەرەب تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقات كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ، ئىسلام مەملىكەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار مەيدانغا كەلگەن، ئىلمىي ئەسەرلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيگەن. ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان مۇسۇلمانلار ئىراق، سۈرىيە، مىسىر، مەغرىب، ئەندەلۇس(قەدىمكى ئىسپانىيە)، پېرسىيە، خوراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان... قاتارلىق جايلارنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەينى زاماندىكى ئىنسانىيەت ئىستېداتىنىڭ جەۋھىرى — ئىسلام بىلىملىرى، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇغلانغانىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرى نەچچە ئون مىڭدىن كەم ئەمەس، يۈزلەپ ئەسەر يازغان مۇسۇلمان ئالىملىرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن: تەبەرى، ئىبنى قاسىم، ئۆمەر ئىبنى ھۈسەيىن رازى، ئىبنى سىنا، سۇيۇتى... قاتارلىقلار.

مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى زور. ئۇلار يازغان تارىخ كىتابلىرى، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى تامامەن ئىشەنچلىك. مۇسۇلمانلار يازغان تارىخ كىتابلىرى، مەسىلەن: تەبەرى يازغان

تۇلپار كىتاب تورى بېكىتى www.tulparkitap.com

«تارىخى تەبەرى»(پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار تارىخى)، مەسئۇدى يازغان «ئالتۇن يايلاقلار»، ئىبنى ئەسىر يازغان «مۇكەممەل تارىخ»، ئەبۇلفىدائى يازغان «ئىنسانلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىبنى خەلدۇن يازغان «ئەرەبلەر، پارسلار ۋە بەربەرلەر تارىخى»...دېگەنگە ئوخشىغان كىتابلار ئوتتۇرا ئەسىر تارىخنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسى تارىخى ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار پېتولموسنىڭ «ئەلمەجىسەتى» دېگەن داڭلىق جۇغراپىيىگە ئائىت ئەسىرىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرىلا جۇغراپىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇنىڭغا نۇرغۇن ئامىللار سەۋەب بولغان: بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيىتى سەۋەب بولغان. ''ھەج'' مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان پەرزدۇر. ھەربىر مۇسۇلمان قۇدرىتى يەتكەن ئەھۋالدا، مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلىشى كېرەك. بەزىلەر تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندە ئاندىن مەككىگە بارالايتتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىقىشتا تۈرتكە بولغان ھەمدە ئۇلاردا جۇغراپىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ئىشتىياقىنى قوزغىغان.

ئىككىنچىدىن، سودا ئىشلىرى سەۋەب بولغان. ئەرەب ۋە پارس مۇسۇلمان سودىگەرلىرى قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ياكى ئوكيانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىگە بارغان. ئۇلار زانگىبار ۋە شەرقى ئافرىقا دېڭىز بويلىرىغىچە بارغان. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى يول ئۈستىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ساياھەت خاتىرىسى سۈپىتىدە يېزىپ چىقىپ، جۇغراپىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن قىلغان سەپەرلىرى سەۋەب بولغان. مۇسۇلمانلار بىلىم ئالىدىغان ئۇستاز-ئۆلىمالارنى تېپىش ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇزاق-ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى جايلارنىڭ شارائىتىنى چۈشىنىش زۆرۈر بولغان. مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن تۈزۈپ چىققان جۇغراپىيە كىتابلىرى ئەرەب زېمىنلىرى تەزكىرىسىدىن، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن ئىبارەت بولغان. ھەممىدىن بۇرۇن جۇغراپىيە كىتابلىرىنى يازغانلار ئەدىبلەر ۋە شائىرلار ئىدى. مەسىلەن، ئەسمەئى، سۇكۇنى... قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تەزكىرىسى يېزىپ چىقىلغان، مەسىلەن، ھەمەدانى «ئەرەب يېرىم ئارىلى تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىققان... ۋەھاكازا.

سۇلايمان تۇنجى بولۇپ شەرققە كەلگەن ئەرەب سودىگىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا بىر قانچە قېتىم كەلگەن. ئۇ ئۆز ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەرەبچە ئەسىرى «سۇلايماننىڭ شەرققە ساياھىتى»نى يېزىپ چىققان (مىلادىيەنىڭ 851-يىلى).

ئەبۇ زەيد ئەلبەلخى(مىلادىيە 934-يىلى ۋاپات بولغان) جۇغراپىيە كىتابلىرىنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان تۇنجى ئىسلام جۇغراپىيەشۇناسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «رايونلار تەزكىرىسى» دېگەن بىر كىتابنى يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەسئۇدى(مىلادىيە 956-يىلى ۋاپات بولغان)، مۇقەددەسى(مىلادىيە 985-ۋاپات بولغان)لەر ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن جۇغراپىيە كىتابلىرىنى يازغان دەسلەپكى جۇغراپىيەشۇناسلاردۇر. مەسئۇدى شەرەپ بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ھېرودودى دەپ ئاتالغان ۋە ئاسىيانى كۆپ قېتىم ئارىلاپ چىققان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئالتۇن يايلاقلار» دېگەن كىتابى ئەڭ مەشھۇردۇر.

ياقۇت(مىلادىيە 1229-يىلى ۋاپات بولغان) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم جۇغراپىيەشۇناسىدۇر. ئۇنىڭ «يەر ناملىرى لۇغىتى» دېگەن داڭلىق ئەسىرى جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەزىنىسىدۇر. جۇغراپىيىلىك يەر ناملىرىدىن باشقا مول تارىخى بىلىملەر ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئەسىردە يېزىلغان ئىسمى جىسمىغا لايىق ''قامۇس'' دەپ قارالغان.

كېيىنرەك ئوتتۇرىغا چىققان ئاتاقلىق ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبنى بەتۇتە(مىلادىيە 1304—1376-يىللار) 1325-يىلى ئۆز يۇرتى ماراكەشنىڭ تەنجىر

دېگەن يېرىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاسىيا ۋە ئافرىقا ساياھىتىنى باشلىغان. ئۇ مىسىر، ھىجاز، ئىراق، سۈرىيە ، كىچىك ئاسىيا، پېرسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا... قاتارلىق جايلارنى ئارىلىغان، كېيىن ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا كەلگەن. ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ «ئىبنى بەتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ساياھىتى داۋامىدا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇ كىتابتا شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ تەبىئىي شارائىتى، كىشىلەر مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، سودا ئىشلىرى، پورت ۋە شەھەرلىرى... قاتارلىقلارنى تەپسىلىي يازغان.

مىلادىيە 9- ئەسىردە، مۇسۇلمانلار نىسابوردا تۇنجى رەسەتخانىنى سالدۇرغان، ئۇزاق ئۆتمەي خەلىپە مەئمۇن باغدادتا يەنە بىر رەسەتخانا قۇرۇپ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويغان ۋە پىتولموسنىڭ «ئەلمەجىسەتى» دېگەن داڭلىق ئەسىرىنى تەكشۈرتۈپ، خاتا يەرلىرىگە تۈزىتىش بەرگۈزگەن.

بەيرۇنى(مىلادىيە 973—1048- يىللار) ئوتتۇرا ئەسىردە ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئىلمىنى تەتقىق قىلغان ئەڭ چوڭقۇر ۋە كەڭ بىلىمگە ئىگە مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ «قەدىمكى زامان يادىكارلىقلىرى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى ئاساسەن قەدىمكى زاماندىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ يىلنامىسى تەتقىق قىلىنغان ئەسەردۇر.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ زور تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ھىندى ماتېماتىكىسى ۋە رەقەمنى غەربكە تارقاتقانلىقىدۇر. غەربلىكلەر بۇ رەقەمنى «ئەرەبچە رەقەم» دەپ ئاتايدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ رەقەمنى قوللانغان كىشى داڭلىق مۇسۇلمان ئالىم خارەزىمىدۇر(مىلادىيە 780—850- يىللار). خارەزىمى قەدىمكى مىسىر ۋە ھىندىستان تەلىماتلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان ۋە يەنە ئالگېبرانى كەشىپ قىلىپ، «ئىنتېگرال ۋە تەڭلىمىنى يېشىش ئۇسۇلى» دېگەن مەشھۇر كىتابنى يېزىپ چىققان. مىلادىيە 12- ئەسىردە، بۇ كىتاب لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردە ئۇزاققىچە ئېتىبارغا ئېرىشكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ تېبابەتچىلىككە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور. ئۆمەر ئىبنى ھۇسەيىن رازى مۇسۇلمانلارنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەربابىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ «كىتابىل مەنسۇر» ناملىق كىتابى ئۆلمەس ۋە داڭلىق كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب ئون قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇ تېببىي جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ۋە كېلىنىكا ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ «ياۋا چېچەك ۋە قىزىل» دېگەن ماقالىسى تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئەڭ مەشھۇر ئىلمىي ماقالە ھەم تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆمەر ئىبنى ھۇسەيىن رازىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى لاتىنچىغا ۋە ياۋروپادىكى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئىبنى سىنا(مىلادىيە 980—1037- يىللار) مۇسۇلمانلارنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئۆمەر ئىبنى ھۇسەيىن رازىدىن باشقا يەنە بىر ئۇلۇغ ئەربابىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە داڭلىق پەيلاسوپ، تىلشۇناس ۋە شائىردۇر. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئەرەبچە يازغان. مىلادىيە 12- ئەسىردىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا تېبابەتچىلىكى جەھەتتىكى ئوقۇ- ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتچىلىق ئىشىدا ئۇزاققىچە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

مۇسۇلمانلار ئىلمىي تەتقىقاتتا تەجرىبە قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ماتېماتىكىنى تەبىئىي پەننى تەتقىق قىلىشنىڭ قورالى دەپ قارىغان. ئۇلار ئىلىم- پەن جەھەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەجرىبە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ۋە پەننى ئەسۋابلارنى ئىشلىتىپ تۈرلۈك كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. خىمىيە تەتقىقاتى جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇتۇقلىرى ناھايىتى زور. ئۇلار دىستىللەش، سۇبلىماتسىيە قىلىش، ئېرىتىش، كرىستاللاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن كەشىپ قىلغان.

مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان، غەربنىڭ ئادىل تارىخشۇناسلىرى بۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ تەرجىمە ئىشلىرى بولمىغان بولسا قەدىمكى ئىلىمنىڭ

تەگدىن تولىسى يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى، ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى بىر قانچە ئەسىر كېچىكىپ كەتكەن بولاتتى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇزاق غەپلەتتە ياتقان ياۋروپا مىلادىيەنىڭ 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلىرىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئويغىنىشقا باشلاپ، ئەرەبلەردىن ئۆگىنىشكە تۇتۇش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسپانىيىنىڭ گۈللىنىشمۇ ياۋروپالىق ئوقۇغۇچى، كېسەل ۋە ساياھەتچىلەرنى ئىسپانىيەگە بېرىپ ئۆگىنىشكە، داۋالىنىشقا ۋە ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى كۈندىن كۈنگە كۆپەيگەن. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر فرانسىيە تارىخشۇناسى سەيدىيو «ئەرەب تارىخى» دېگەن كىتابىدا: ”ئەرەبلەر بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئىسپانىيىدىن ئۆتۈپ خرىستىئانلار دۇنياسىغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىسپانلار ئەرەب تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىپ، ئەرەبلەر بىلەن بىرلىكتە ئىسلام مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشتى“ دەپ يازغان ئىدى. ئىسپانلار تولېدودا بىر تەرجىمە مەركىزى قۇرۇپ، ئەرەبلەرنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ، تولېدو ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسلام ـ ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان مەنبەسى بولۇپ قالغان. غەربلىكلەرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن تارتىپ 15 ـ ئەسىرگىچە ئۈزۈلۈپ قالماي ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن.

ئۆمەر ئىبنى قاسىم، ھۇسەيىن رازى، ئەبۇل قاسىم، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد... قاتارلىق مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ياۋروپالىقلار يەنە ئەرەبلەر ئىشلىگەن تەرجىمىگە ئاساسەن قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىدىن سوقرات، ئەپلاتون، ئارىستوتېل، ئارخىمىد، پتولېموس... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى لاتىنچىغا ۋە غەربنىڭ باشقا تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان.

مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە، ئەرەب ئىسلام ئىلمى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلگەن. تاكى يېقىنقى دەۋرگە كەلگىچە ياۋروپالىقلار ئەرەبچە قىممەتلىك كلاسسىك كىتابلارنى نەشر قىلىشقا يەنىلا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، غەربنىڭ ئىلمى تەتقىقاتى دىنىي ئەربابلار بىلەنلا چەكلەنگەن، تەتقىق قىلىنغان پەنلەرى دىنىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. كېيىنكى چاغلاردا ئاندىن ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىغا كېڭەيتىلگەن. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تەرجىمە قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەر غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىزچىل تۈردە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

فرانسۇز ئالىم لوبون ئۆزىنىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا: ”15 ـ ئەسىرگە كەلگىچە ياۋروپا ئالىملىرىدىن ئەرەب ئىلمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ كىشى يوق“، ”ئۇلار ئەرەبلەردىن ئۇستاز تۇتقان ياكى ئەرەبچە كلاسسىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. ئەرەبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپمۇ پەننىي ئەسەرلىرى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە كەڭ تۈردە ئوقۇتۇلغان ۋاقىت 500 يىلغا يېتىدۇ“ دەپ يازغان. بەزى پەنلەر يېقىنقى دەۋرلەردىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئېنىق تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرى 18 ـ ئەسىرگە كەلگۈچىلىك فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىلمى مۇھاكىمە تېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ كەلگەن، ئىبنى رۇشدنىڭ ئەسەرلىرى 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ فرانسىيە، ئىتالىيە... قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە پەلسەپە جەھەتتە پايدىلىنىدىغان مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالغان.

ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە كۆرسەتكەن تەسىرى غايەت زور. ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن.

جۇڭگو خەلقى بىلەن ئەرەب خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئۇزاقتىن باشلانغان، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ كەلگەن، بۇنىڭ ۋاقتى ئىنتايىن ئۇزاق. ئەرەبلەر جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. يۇەن

سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمان ئاسترونوم جامالىدىن بېيجىڭدا 7 خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابىنى ئىجاد قىلغان، يەنە ئۇ تۈزۈپ چىققان "جۇڭگوچە كالېندار" ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان، تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇرغۇنلىغان يۇلتۇز ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈمى جۇڭگودا ئەرەبچە نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئەرەب تېبابەتچىلىكىنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. مىلادىيە 14 - ئەسىردە خىرىستىئان دۇنياسى چۇما كېسىلىگە ھېچقانداق ئامال قىلالماي تەقدىرگە تەن بەرگەن، لېكىن ئەرەب ئالىمى ئىبنى خەتىب يۈەن سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىسى قۇبلەيخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن "خەيرىيەت مەھكىمىسى" ۋە "مۇسۇلمانلار دورىخانىسى" دېگەن ئىككى داۋالاش ئورگىنىنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ پارسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «دورا كىتابى» مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ كەلگەن. «دورا كىتابى»نىڭ بىر قىسىم باب - بۆلۈملىرى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ھېلىغىچە ساقلانماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى تارىختا دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. لېكىن بىز مۇسۇلمانلار ھەرگىزمۇ ئالدىنقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان - شەرىپى بىلەن قانائەت قىلىپ قالماسلىقىمىز لازىم. ھىجرىيە 15 - ئەسىرگە قەدەم قويغان يېڭى دەۋردە، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرئانغا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئاپتور: بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پروفېسسورى)

## جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى


**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2011 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئىنستىتۇت قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئۇل سېلىش مۇراسىمغا مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭ يۈجىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لېبىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىس، تالىپلىرى ۋە قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان شىركەتنىڭ مەسئۇل خادىملىرى قاتناشتى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خوڭ چاڭيۈ رىياسەتچىلىك قىلدى.

رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: "جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ كېڭەيتىلىپ سېلىنىشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بىز كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تۈتقا قىلغان ئاساستا، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوقۇتۇشنى نىشان، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى مەركەز قىلىپ، ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرىمىز، ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ئورۇنباسارلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مۇھىم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. ئىنستىتۇت پۈتكەندىن كېيىن 500دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى سىغدىغان، ئىلغار ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە، تولۇق كۇرس، ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلەشنى بىر گەۋدە قىلغان قويۇق ئىسلام پۇرىقىغا ئىگە يېڭى شەكىلدىكى مەكتەپكە ئايلىنىدۇ...".

مۇراسىمدا يەنە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ لېبىن مۇھىم سۆز قىلدى ۋە مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى بەردى.

ئاخىرىدا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمغا لېنتا كەستى ھەممە ئۇل تېشىغا توپا تاشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نىيەت ۋە ئەمەل

ئامانۇللا ھىزبۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

"نىيەت" ئەرەب تىلىدا "بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىش، كۆڭلىگە پۈكۈش، ئويلاش..." دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئىنسان نېمىنى نىيەت قىلسا شۇنى تاپىدۇ. ئىسلامدا نىيەت ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بىرىنچى شەرتتۇر. نىيەت قەلبكە تەئەللۇق نەرسە بولۇپ ئۇنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدۇ. نىيەت قەلبنىڭ خالىس ئەمەلى. ئۇ تىلنىڭ ئەمەلى ئەمەس. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئاللاھ تائالا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى سىر بولۇپ، ئۇنى بىر ئاللاھ تائالا يەنە بىرى شۇ ئىنسانلا بىلىدۇ.

"ئەمەل" بولسا نىيەتنىڭ زاھىرى (ئىپادىلىنىشى) بولۇپ، ئۇ بەدەن ۋە ئەزالاردا ئەمەل شەكلى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. نىيەت بىلەن ئەمەل بىردەكلىكنى تاپمىسا ئۇ ئەمەلگە ھېچقانداق ئەجىر ـ ئېسىۋە ۋە ساۋاب بېرىلمەيدۇ. مۇسۇلمان بەندە ئۈچۈن نىيەت ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ نىيىتى بىلەن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ ياكى گۇناھقا لايىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە نۇرغۇن كۆرسەتمە، يول ـ يورۇقلار بار بولۇپ، ئىنساننىڭ ھەربىر ئىش پائالىيىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۆز نەپسى ۋە غەرىزىنى قاتماي ئادا قىلىشى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. نەپسانىي غەرەزنىڭ ھەققانىي ئەمەلنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىكى "إرادة الأخرة" (ئاخىرەتنى نىيەت قىلىش)، "إرادة وجه الله" (ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىرادە قىلىش)، "إبتغاء مرضاته" (ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش) دېگەندەك ئىبارەتلەر بىلەن كەلگەن ئايەتلەرنىڭ كۆپلۈكىمۇ سۆزىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە ئەمەل ـ ئىبادەتتە نىيەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىخلاسنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ئەمەل، ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن: **"ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى"** {سۈرە «بەييىنە» (98 ـ سۈرە)، 5 ـ ئايەت}؛ **"ئېيتقىنكى، 'مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم'"** {سۈرە «زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت}.

ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۆز

كىتابىنى نىيەت ۋە ئىخلاسنىڭ مۇھىملىقى سۆزلەنگەن ھەدىسلەر بىلەن باشلىغان. نىيەت ــ ياخشى نىيەت ۋە يامان نىيەت دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەت، مۇددىئاسىغا ئاساسەن ئايرىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، نىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بارلىق ئەمەللەر نىيەت بىلەن كۈچىيىدۇ، ئاجىزلايدۇ، توغرا بولىدۇ يا خاتا بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە سۆزلەنگەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قۇربانلىق قىلىشقا نىيەت قىلغانلىقىدەك تەسىرلىك ۋەقە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. شۇ ۋاقىتتىمۇ ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە كاتتا ئەجىر بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: "**ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: 'ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)' دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز**" {سۈرە «ساففات» (37 ـ سۈرە)، 103 — 110 ـ ئايەتلەر}.

جانابىي ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كۆپ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدى. بىز مۇسۇلمانلارمۇ دۇرۇت ـ سالاملىرىمىزدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياد ئەتكىنىمىزدەك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىمۇ ياد ئېتىپ، دۇرۇد ئېيتىپ كېلىۋاتىمىز. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان نەرسىسىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بېغىشلاش، نىيىتىنى رىيا، شېرىكتىن ساپ قىلىپ پەقەت پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغىلا يۈزلىنىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان. ئەمدى بىز ھەدىسلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: "**ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ**" (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەدىس بىزگە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلغان ئەمەلدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، نىيەت، ئىخلاسنىڭ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەققى ـ تۇرقۇڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بىز يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان ساۋابنىڭ كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن ئىخلاس ۋە نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، قەلبىنى ئاللاھ تائالا يامان كۆرۈدىغان بارلىق ئەيىب نۇقسانلاردىن پاكلاش، ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىنى تۈزەشتىن ئىلگىرى قەلبىنى تۈزەش، نىيەتنى توغرا قىلىشنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قەلبلەرگە قاراش ئەمەلىيەتتە نىيەتكە قاراشتۇر. چۈنكى نىيەت ئەمەلنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ قوزغاتقۇچىسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**كىشىلەر تۆت خىل. بىرى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىلىم ۋە مال ـ دۇنيا بەرگەن كىشى. ئۇ ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بىلىمى بىلەن ئىشلىتىدۇ. يەنە بىر كىشى، ئاللاھ تائالا ماڭا ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بەرگەن بولسا مەنمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش قىلاتتىم، دەيدۇ. بۇ ئىككىسى ئەجىردە ئوخشاش. يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مال ـ دۇنيا بېرىپ، بىلىم بەرمىگەن ئادەم. ئۇ مال ـ دۇنيا ئىشلىرىدا خاتا يول تۇتىدۇ. يەنە بىر ئادەم ئاللاھ تائالا ماڭىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بەرگەن بولسا مەنمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش قىلاتتىم، دەيدۇ. بۇ ئىككىسى گۇناھتا ئوخشاش بولىدۇ**" (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستە ياخشى نىيەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىگە ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ساۋابى يېزىلىدىغانلىقى، يامان نىيەتلىك كىشىگە يامان ئەمەل قىلغۇچىنىڭ گۇناھى يېزىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭ مەنبەسى پەقەت نىيەتلا خالاس.

قېرىندىشىم، سىز قىلىۋاتقان ئىبادەت، ئەمەللىرىڭىز ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ! نامازنى نېمە دەپ ئوقۇۋاتىسىز؟ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ ياكى ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ؟! زاكاتنى نېمە دەپ بېرىۋاتىسىز؟ پۇل ـ مېلىڭىزنى كۆز ـ كۆز قىلىش، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ؟! رامىزاننى كىم ئۈچۈن تۇتۇۋاتىسىز؟ ھەجنىچۇ؟ پۇل ـ مېلىڭىزنىڭ كۆپلۈكىدىن، دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ خەيرىيەت ئىشلارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىكى مۇددىئايىڭىز نېمە؟ ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈپ چىقىڭ! ئەگەر سىزنىڭ نىيىتىڭىز پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئاللاھقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىش ئۈچۈن بولماي باشقا مەقسەت ـ مۇددىئالار ئۈچۈن بولسا سىزنىڭ بىر كۈندە ئوقۇغان بەش ۋاخ نامىزىڭىز بىر كۈندە ئوينىغان بەش قېتىملىق گىمناستىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. باشقىلارغا بېرىۋەتكەن، چىقىم قىلغان پۇل ـ ماللىرىڭىز سىزگە دۇنيادىكى نام ـ شۆھرەتتىن باشقىنى ئەكەلمەيدۇ. ئەگەر سىز يىل بويى رامىزان تۇتسىڭىزمۇ ئۇ پەقەت سىزنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا ئۆزىڭىزنى قىيىنىغىنىڭىز خالاس! نەچچە ئون مىڭ يۈەن خەجلەپ قىلغان ھەجىڭىز ساياھەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭلاشقا، بىرەر ئەمەلنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىڭىزنى، نىيىتىڭىزنى توغرا قىلىڭ!

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ئىبادەت، ئەمەل مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەجىر ـ نېسىۋە، ساۋاب، ياخشىلىق بولمايدۇ. نىيەت توغرا بولماي قىلغان ئەمەل ھەر قانچە چوڭ، كاتتا بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا قۇرۇق، بىكار بولۇپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا نام ـ ئاتاق قازىنىش، يۈز ـ ئابرۇي ۋە ئىناۋەت تېپىش ئۈچۈن مىليون يۈەن خەجلىگەن كىشى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر يۈەن خەجلىگەن كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. خاتا نىيەت بىلەن خەجلىگەن مىليون يۈەن پۇل، توغرا نىيەت، ئىخلاس ئاساسىدا خەجلەنگەن بىر يۈەنگە بېرىلگەن ساۋاب، ئەجىر ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ تارازىسىنى بىر گرام ئېغىرلىتالمايدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت! نىيەت بىلەن بىردەكلىكنى تاپقان ئەمەل، ئىبادەتتە ھەسسىلەپ ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان بىرەر نەرسىنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياخشى كۆرسە ياكى يامان كۆرسە، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنسا، چەكلىمىلەردىن يانسا ھەتتا قېرىندىشىغا كۈلۈپ قارىسا ۋە ياكى ئايالىغا بىر لوقما تائام سۇنۇپ بەرسىمۇ ئىبادەت سانىلىدۇ ۋە ساۋاب بېرىلىدۇ. ياشاش جەريانىدىكى ئادەتلىرىدىمۇ، مەسىلەن: يەپ ـ ئىچىش، يېتىپ ـ قوپۇش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىم كىيىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىسە ئۇمۇ ھەم ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىپ ئەجىرگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹**ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە تىغ كۆتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ دوزاختا**› دېدى. مەن: ‹ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق بولسۇن، ئۆلگۈچى نېمىشقا دوزاختا بولىدۇ؟› دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹**چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈش كويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن**› دېدى“ (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھەدىس مەزمۇنىدىن شۇ ئاشكارا بولىدۇكى، بىرەر گۇناھلىق ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە شۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بەل باغلىغان ئادەم ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەيۇ قىلمىسا جازاغا لايىق بولىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**بىر ئادەم ئادا قىلماسلىقنى ئويلىغان تويلۇق بىلەن خوتۇن ئالغان بولسا، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ شۇ تويلۇقنى ئادا قىلماسلىقنى بىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ ئاللاھ تائالاغا زىنا قىلغۇچى بولۇپ ئۇچرىشىدۇ. قايتۇرۇشنى ئويلىماي قەرز ئالغان بولسا، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭمۇ شۇ قەرزنى ئادا قىلماسلىقنى بىلىدۇ. ئۇ قىيامەت**

كۈنى ئاللاھ تائالاغا ئوغرى بولۇپ ئۇچرىشىدۇ»(ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، يامان نىيەت ئارقىلىق ھالال ئىش ھارامغا، توغرا ئىش خاتاغا، ئاسان ئىش قىيىن ئىشقا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماننىڭ قارشىدىكى نىيەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى ياخشى نىيەت ئاساسىدا تۇرغۇزۇشى، ئىرىشچانلىقنى نىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. نىيەت ئەمەلنىڭ جېنى، ئۇنىڭ ئاساسى، ئۇنىڭ توغرا بولۇشى، ئەمەلنىڭ توغرا بولۇشى، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى ئەمەلنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. تەكىتلەيمىزكى، نىيەت ئەمەلنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ شەرتى. ئۇ نىيەت نوقۇل «ئى ئاللاھ مۇنداق نىيەت قىلدىم» دېيىش ئەمەس، ئۇ سۆزلا ئەمەس. بەلكى ھەر قانداق ئەھۋال ياكى مال چىقىم قىلىش بولسۇن، پايدىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى زىياننى توسۇشتىكى توغرا مەقسەت ئۈچۈن، مۇۋاپىق ئىش تەرەپكە قەلبىنىڭ قوزغىلىشىدۇر. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ياكى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا يۈزلەنگەن ئىرادىدۇر.

توغرا ئىش ياخشى نىيەت بىلەن ئەجرلىك، ساۋابلىق ئىشقا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ياخشى ئىش ياخشى نىيەتتىن ئايرىلىپ قالسا، گۇناھ ۋە جازاغا لايىق ئىشقا ئايلىنىدۇ. لېكىن گۇناھ ئىش ياخشى نىيەت سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشقا ئايلانمايدۇ. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يەنە بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش گۇناھتۇر. نىيەت ياخشى بولسىمۇ، يامان ئىش ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىتائەتكە ئايلانمايدۇ. ياخشى نىيەت پەقەت قىلىش يولغا قويۇلغان ئىش بىلەن ئىتائەتكە ئايلىنىدۇ، ئەجىر، ساۋابقا نائىل قىلىدۇ. چەكلەنگەن ھەر قانداق ئىش ھەر قانداق توغرا نىيەت، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىتائەتكە ئايلانمايدۇ. ياخشى نىيەت يامان ئىشنى ھەرگىز ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرالمايدۇ. ئىبادەتنىڭ دۇرۇس، ساغلام بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى يەنىلا نىيەتكە مۇناسىۋەتلىك. ھەدىسلەردە ئىنسان بىرەر ياخشى ئىشقا نىيەت قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قىلالمىسىمۇ ئەجرگە، ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن دەيدۇ: «**ئاللاھ تائالا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئىلمى ئەزەلدە تەقدىر قىلىپ يازدى. ئاندىن ئۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى. كىمكى بىرەر ياخشىلىقنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى قىلالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە ۋە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابىدىن يەتتە يۈز ياخشىلىقنىڭ ساۋابىغىچە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساۋاب يازىدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىقنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە ۋە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر يامانلىقنىڭ گۇناھىنى يازىدۇ**»(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىن بىز، ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىق قىلغاننىڭ ساۋابىنى يازىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. چۈنكى ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ بەل باغلاش ئۇنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ياخشىلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىمۇ ياخشىلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز. شۇنداقلا بىرەر ئىنسان يامانلىقنى نىيەت قىلىپ، كېيىن ئۇنى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالماسلىقتىن، ياكى ئۇ يامانلىقنى قىلىشقا شارائىت يار بەرمەسلىكتىن، ياكى ئىقتىسادى كۈچ قۇدرىتى يەتمەسلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش يۈزىسىدىن ئۇنى قىلىشتىن يانسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىق قىلغاننىڭ ساۋابىنى يازىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. چۈنكى يامانلىقتىن يېنىشىنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قاتارىدىن بولۇپ ساۋابقا لايىق بولىدۇ. ئەگەر نېمىشقا يامانلىقنى نىيەت قىلغىنىغا گۇناھ يېزىلمايدۇ؟ دېيىلسە، يامانلىقتىن يېنىش نىيەتتىن كېيىن بولۇپ نىيەتنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلدە ئويلاپ ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ قىلمىغان گۇناھقىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ «**شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق**

www.uyghurkitap.com

يامان ئىشلار يۈيۈلىدۇ‹‹{سۈرە«ھۇد»(11 ـ سۈرە)، 114 ـ ئايەت} دېگەن سۆزى تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرىمىز ئۆزىمىز قىلىۋاتقان بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزدە، مەيلى ئۇ دىنى ياكى دۇنيالىق ئىشلىرىمىز بولسۇن ئەڭ ئالدى بىلەن نىيەت ـ ئىقبالىمىزنى دۇرۇس، توغرا قىلايلى. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرىتىگە ئېرىشىشنىلا ئويلاپ قىلايلى! ياخشى ئىشلارنى قىلالمىساقمۇ، ياخشىلىقنى، ياخشى ئىشلارنى ئويلاپ ياشايلى! ياخشى ئىشلارنى قىلالمىساق، يامانلىقتىن بولسىمۇ ساقلىنايلى! جانابىي ئاللاھ تائالا ھەربىرىمىزنى بارلىق ئىشلىرىمىزدا نىيىتىمىزنىڭ توغرا، دۇرۇس بولۇشىغا نېسىپ قىلغاي!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر)

## ئېلىمىزدە شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان 10يىلدىن بۇيان ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

مەركىزى خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: ئېلىمىزنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى مۇسۇلمان ئامما ئارىسىدا ناھايىتى ئاكتىپ تەسىر قوزغىدى، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ‹‹جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنى قۇرۇپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى باشلىغان. بۇ خىزمەتتە ۋەز ـ تەبلىغلەرنى يېڭىدىن تۈزۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش شەكلى بىلەن ھازىرقى ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يولۇققان مەسىلىلىرى، شەرىئەت ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن دىنىي ئەھكاملار نۇقتىسىدىن ھەم ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد روھىغا ھەم دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ئۇيغۇن ھالدا يېشىپ بېرىلىپ، ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ پاكلىقى قوغدالدى، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇلۇپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى‹‹.

‹‹ۋەز›› ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ‹‹نەسىھەت قىلىش›› دېگەن مەنىگە ئىگە. ۋەز ئېيتىش ئېلىمىزدىكى دىنىي زاتلارنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى، مەزمۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن، شەرىئەت، دىنىي ئەقىدە، قائىدە ـ يوسۇن، دىنىي ئەخلاق، تارىخ، مەدەنىيەت، پەيغەمبەرلەر قىسسەلىرى قاتارلىقلار. ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن مۇنداق دېدى:

‹‹10 يىلدىن بۇيان جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 4 قىسىم «يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى، بۇ جەمئىي 46 پارچە ۋەز ـ تەبلىغ بولۇپ، خەنزۇچە خەت سانى 260 مىڭدىن ئاشىدۇ. جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىت ۋە ئىسلام دىنى ئەربابلىرىغا ھەقسىز 800 مىڭ پارچە تارقىتىلدى. ئاساسلىق تېمىلىرىدىن «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر»، «جىھاد دېگەن نېمە، ئۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟»، «ئىسلام دىنى تىنچلىق دىنىدۇر» قاتارلىقلار بار. بۇ ۋەز ـ تەبلىغلەر ۋەتەننى سۆيۈش، تىنچلىقنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىق، مېھىر ـ شەپقەت، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، شەخسىي مەنپەئەتكىلا بېرىلىپ كەتمەسلىك، ئىككىلا ئالەمدە خەيرلىك بولۇش قاتارلىق ئىدىيەلەرنى تەرغىب قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى ئاكتىپ تەسىر قوزغىدى ھەم ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئاكتىپ ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئېتىقاد ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ‹‹ئۈچ خىل كۈچ››لەرنىڭ سىڭىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىدىيىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش، دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىزدە ساغلام، ئۇتۇقلۇق راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش، دىنىنىڭ جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە زور رول ئوينىدى››.

# «ئايەتۇلكۇرسى»نىڭ قىسقىچە تەپسىرى

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ

تەرجىمىسى: **بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۈلۈكى)دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى(يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى(يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن(ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن(يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى(مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان- زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.**

## «ئايەتۇلكۇرسى» ھەققىدە

«ئايەتۇلكۇرسى» سۈرە«بەقەرە»نىڭ **255** ـ ئايىتى بولۇپ مەككىدە نازىل بولغان. ئۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ خاسىيەتلىك ئايەت. ئۇنىڭدا ئىمان تەسەۋۋۇرىنىڭ قائىدىلىرى مەركەزلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ(يەنى بىر خۇدالىق ئەقىدىسىنىڭ) مەنىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە، ناھايىتى روشەن رەۋىشتە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان سۈپەتلەر زىكرى قىلىنغان.

بۇ ئايەتتىكى ھەربىر جۈملە ئاللاھنىڭ بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۈپىتى بولۇپ ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى ئىچىدىن بىردىن

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە مەككىدە نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ تەسەۋۋۇر ئاساسىدا دەۋر قىلىدۇ؛ مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەرمۇ مۇشۇ تەسەۋۋۇرنى ئاساسىي تېما قىلغان ئاساستا باشقا ھەرخىل (فۇرۇئات①) تېمىلارنى بايان قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ بارلىق قائىدە- پرىنسىپلىرى مۇشۇ ئۇل تېما ئاساسىغا بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ قائىدە- پرىنسىپلار پەقەت مۇشۇ ئۇل پۇختا بولغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئىمان تەسەۋۋۇرنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىگە روشەن، مۇستەھكەم ئورنىشى ئىمان تەسەۋۋۇردا پرىنسىپال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، جاھىلىيەتچە تەسەۋۋۇردىن شەكىللەنگەن دۇغىلار قاتمىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ غۇۋالىشىشى، خۇراپاتلىق ۋە ئەپسانە- چۆچەكلەرنىڭ ئەدەپ كېتىشى، گەپدانلارنىڭ سۆزنىي پەلسەپە- مەنتىقلىرىنىڭ تېخىمۇ بىزىلىپ كۆرستىلىشى سەۋەبىدىن بولغان بولۇپ، ئىسلام دىنى كېلىپ بۇ خىل غۇۋالىقنى سۈزدى، خۇراپاتلىقنىڭ ئەپتى- بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، گەپدانلىقنىڭ سېھرىي پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى.

بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ جان تومۇرىنى؛ ئاللاھنىڭ مۈگدىمەس، ئۇخلىماس ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي تىرىكلىكى، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى، ھەممىنىڭ ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى؛ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىزنىسىز ھېچكىمنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەۋھىد بىلەن شېرىك ئەقىدىنىڭ نازۇك ھالقىسىنى؛ ئاللاھنىڭ ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىسىنى ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراشتىن خالىي بولغان نورمال ئىدىيىسىنى؛ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكى، ئاشۇ مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىپ قويۇپ تاشلىۋەتمەي ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئېغىر كەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەڭداشسىز قۇدرىتىنىڭ، ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىل- ھۆججەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## «ئايەتۇلكۇرسى»نىڭ خاسىيىتى

بىز مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردىن «ئايەتۇلكۇرسى»غا ئالاقىدار ھەدىس- ئەسەرلەرنى ئىزدىگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ ئايەتنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىس- ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئايەتنىڭ خاسىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىمىز ھەمدە تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز.

1. «ئايەتۇلكۇرسى» قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت.

ئابدۇللا ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'ئى ئەبۇ مۇنزىر، ئاللاھنىڭ(سەندىكى) كىتابىدىن قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلەمسەن؟' دېدى. ئۇبەي: مەن: 'ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلىدۇ' دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'ئى ئەبۇ مۇنزىر، ئاللاھنىڭ (سەندىكى) كىتابىدىن قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلەمسەن؟' دېدى. ئۇبەي: مەن: 'اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ'(بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆكسۈمگە ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېدى: '**ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئەبۇ مۇنزىر، ساڭا ئىلىم مۇبارەك بولسۇن!**' "(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

2. «ئايەتۇلكۇرسى» قۇرئان كەرىمدىكى بارلىق ئايەتلەرنىڭ جەۋھىرى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "**ھەرقانداق نەرسىنىڭ يۇكسەك پەللىسى بار. ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ يۇكسەك پەللىسى سۈرە «بەقەرە»دۇر، ئۇنىڭدا بىر ئايەت باركى، ئۇ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ جەۋھىرى—«ئايەتۇلكۇرسى»دۇر**"(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

①فۇرۇئات —— ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىدىن باشقا بارلىق مەسىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ — ئا.

3. «ئايەتۇلكۇرسى»دا ئىسمى ئەزەم بار.

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **‹ھەقىقەتەن قۇرئاندىكى «بەقەرە»، «ئال ئىمران»، «تاھا» قاتارلىق ئۈچ سۈرىدە ئىسمى ئەزەم(ئاللاھنىڭ كاتتا ئىسمى) بار›** دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئىزدىدىم. سۈرە «بەقەرە»دىن «ئايەتۇلكۇرسى» يەنى ‹اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ›(بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)نى؛ «ئال ئىمران»دىن ‹الم اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ›(ئەلىف، لام، مىم. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد‹بەرھەق› يوقتۇر)نى؛ سۈرە«تاھا»دىن ‹وعنت الوجوه للْحَيُّ الْقَيُّومُ›(گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى‹مەڭگۈ› ھايات ئاللاھقا ئېگىلدۇ)نى تاپتىم“(ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

4. «ئايەتۇلكۇرسى»نى نامازدىن كېيىن ئوقۇش كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: ”**كىمكى «ئايەتۇلكۇرسى»نى ھەر(پەرز) نامازدىن كېيىن ئوقۇسا، ئۇ ئادەمنى جەننەتكە كىرىشتىن پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ قالىدۇ**“(نەسەئى ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان).

5. «ئايەتۇلكۇرسى»نى ئوقۇش كىشىدىن شەيتاننى يىراقلاشتۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھەدىسى بار. بۇ ھەدىس بىرئاز ئۇزۇن بولغاچقا، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە بېرىلمىدى. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **2005**-يىلى9-ئايدا نەشر قىلغان؛ **2007**-يىلى3-ئايدا 2-قېتىم بېسىلغان «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتابنىڭ **481**-بېتىدىكى **1020**-نومۇرلۇق ھەدىسنى كۆرۈۋېلىشىنى سورايمىز.

## «ئايەتۇلكۇرسى»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي تىرىك، بارچە مەخلۇقاتنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ئىنسان ۋە باشقا جاندارلارغا ئوخشاش مۈگدىمەيدىغانلىقى، ئۇخلىمايدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئەمرىسىز ھېچكىمنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ۋە قىلىدىغان ھەم ئۇلار ئاخىرەتتە دۇچ كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ بىلدۈرمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىنى بىلمەيدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ كۇرسىنىڭ ياكى ئىلمىنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئاللاھقا ئاسمانلارنى، زېمىننى ساقلاش ئېغىر كەلمەيدىغانلىقى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەڭ ئالى ئىكەنلىكى، كاتتىلىق ئىگىسى ئىكەنلىكى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان.

**«ئايەتۇلكۇرسى»دىكى ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنىڭ مەنىسى**

1.‹الْحَيُّ› —(ئەل-ھەييۇ). ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ بىرى. مەنىسى: ھەمىشە تىرىك، مەڭگۈ ھايات.

2.‹الْقَيُّومُ›—(ئەل-قەييۇم). ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ بىرى. مەنىسى: ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى.

3.‹وَسِعَ› —(ۋەسىئە). مەنىسى: ئۆز ئىچىگە ئالدى، سىغدۇردى.

4.‹كُرْسِيُّ›—(كۇرسىييۇ). مەنىسى: كۇرسىي، يەنى ئاللاھنىڭ ئەرشىدىن كىچىك، ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى زور مەخلۇقى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆزى مەلۇم، قانداقلىقى نامەلۇم، ئىلىم، مەلۇمات؛

5.‹الْعَلِيُّ›—(ئەل-ئەلىييۇ). مەنىسى: يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئەڭ ئالى، ئەڭ ئۈستۈن.

6.‹الْعَظِيمُ›—(ئەل-ئەزىم). مەنىسى: ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئەڭ كاتتا، ئەڭ بۈيۈك.

## «ئايەتۇلكۇرسى»نىڭ تەپسىرى

(بۇ ئايەت **10**جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەربىر جۈملە بىردىن مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، بىز بۇ ئايەتنى مۇشۇ ئون جۈملە بويىچە ئايرىم-ئايرىم تەپسىر قىلىشقا تىرىشىمىز):

**”اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ “(بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يادروسى بولغان

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەۋھىد كەلىمىسىدۇر. ئاللاھنىڭ يەككە ـ يېگانىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەقىدە باشقا ئەقىدىلەرگە ئوخشاش ھېچقانداق ئۆزگەرتىشنى، بۇرمىلاشنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇ كەلىمە ئىسلامدىكى تۇنجى كەلىمە ھەم ئاخىرقى كەلىمە بولۇپ ئىسلامغا كىرگەن كىشى بۇ كەلىمىنى ئېيتىدۇ، دۇنيادىن خوشلاشقاندىمۇ مۇشۇ كەلىمەنى تەلقىن قىلىپ خوشلىشىدۇ؛ بۇ كەلىمە ئىسلامدىكى ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ پرىنسىپال كەلىمە. بۇ كەلىمە بىلەن ئاللاھ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن، بۇ كەلىمە بىلەن ئاللاھ تائالا كىتابلارنى نازىل قىلغان، **"جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم"**{سۈرە«زارىيات»(51 ـ سۈرە)، 56 ـ ئايەت} دېگەنىدەك ئىنسى ـ جىنلارنى ئاشۇ كەلىمە ئۈچۈن ياراتقان.

بۇ ساپ، قەتئىي ئەقىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىنى بەرپا قىلىدىغان ئاساسىي قائىدىدۇر. بۇ قائىدىدىن ئىسلامنىڭ ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بارلىق پروگراممىلىرى شاخلىنىپ چىقىدۇ. مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇردىن پەقەت ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلىشقا ۋە پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ھەقىقىي بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان پەقەت ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭلا بەندىسى، ئىنسانلارنىڭ باب ـ باراۋەر قېرىنداش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇردىن ئىسلامنىڭ قىممەت قارىشى كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتنى، تائەت ـ ئىبادەتنى مۇشۇ قاراش بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلىش سالاھىيىتىگە ۋە ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

## "اَلْحَيُّ الْقَيُّومُ"(ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر)نىڭ تەپسىرى

**"ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر"** دېگەن بۇ ئىككى ئىسىم ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئىككىسى كامالىي سۈپەتلەرنى ۋە كامالىي پېئىللارنى ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملىگەندۇر: كامالىي سۈپەتلەر "اَلْحَيُّ"(ئەل ـ ھەييۇ)(ھەمىشە تىرىك)دا، كامالىي پېئىللار "اَلْقَيُّومُ"(ئەل ـ قەييۇم)(ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى)دا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، "اَلْحَيُّ"نىڭ مەنىسى "كامىل ھاياتلىق ئىگىسى" دېگەنلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ھاياتىنىڭ كامالىتى ئەزەلىي ھەم ئەبەدىي بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن ھايات، ئەبەدىي ھاياتتۇر. ئاللاھنىڭ "ھايات" سۈپىتى بارلىق كامالىي سۈپەتلىرىدىن كامىلدۇر؛ "اَلْقَيُّومُ"نىڭ مەنىسى "ئۆزى بولغۇچى، قائىم بولغۇچى، بەرقارار بولغۇچى، غەيرىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان، كونترول قىلغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغۇچى" دېگەنلىكتۇر. مانا مۇشۇنداق مەنىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ قارايدىغان بولساق، "اَلْحَيُّ"(ھەمىشە تىرىك)نىڭ ئىسىملىق خاراكتېرى كۈچلۈك، "اَلْقَيُّومُ"(ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى)نىڭ پېئىللىق خاراكتېرى كۈچلۈك.

يەككە ـ يېگانە، ھەقىقىي ئىلاھ سۈپەتلىنىدىغان ھاياتلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش باشقا زات تەرىپىدىن يارىتىلىپ ئاتا قىلىنىدىغان ھاياتلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زاتىدا ئەزەلىي بار بولغان ھەقىقىي، مۇتلەق ھاياتلىقتۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇشۇ خىل مەنىدىكى ھاياتلىق بىلەن پەقەت ئۆزىلا يەككە ـ يېگانە سۈپەتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل ھاياتلىق باشلىنىشنىڭ ئىپتىداسى يوق، ئاخىرلىشىشنىڭ ئىنتىھاسى يوق بولغان ئەزەلىي ھەم ئەبەدىي ھاياتلىق بولۇپ، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش چېكى بولغان مەخلۇقلارنىڭ ھاياتىغا ماس بولغان زامان ئۇقۇمىدىن تاشقىرى ھاياتلىقتۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇشۇ مەنىدىكى ھاياتلىق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇنداق ھاياتلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقنى تونۇشتىكى ئۆلچىمى ۋە بەلگىسىدىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان ھاياتلىقتۇر. ھەقىقەتەن **"ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر"**{سۈرە«شۇرا»(42 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت}. شۇڭا، ئاللاھنىڭ ھاياتى بەندىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسان چۈشەنچىسىدىكى ھاياتلىق ئۇقۇمىنى بەلگىلەيدىغان ھەرقانداق خۇسۇسىيەتتىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان ھاياتلىق ئاللاھ تائالاغا سازاۋەر بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق

چۈشەنچە بىلەن ئىنسان خىيالدا غەلىيان قىلغۇاتقان ئىنساننى ئاللاھقا، ئاللاھنى ئىنسانغا ئوخشىتىشتەك شېرىك ئەقىدىلەر ۋە خۇراپىي چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ.

**"لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ"(ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ)نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملە يۇقىرىقى جۈملە—"ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر"نىڭ مەنىسىنى تەكىتلەيدۇ. مۈگدەش، ئۇخلاش مەخلۇققا خاس ھاياتلىقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇ خالىققا خاس ھاياتلىققا مۇخالىپ كېلىدۇ. مۈگدىمەسلىك، ئۇخلىماسلىق ھېچ شەيئىگە ئوخشىمايدىغان ھاياتلىقنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. ھەمىشە، يەنى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي تىرىك، ھەممىنى، يەنى كۆللى مەۋجۇداتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، دېگەن بۇ سۈپەت مۈگدىمەسلىك ۋە ئۇخلىماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ جۈملە ئاللاھنىڭ—مەيلى يەڭگىل مەيلى قاتتىق بولسۇن—ئۇخلىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئاللاھ تائالانى مۈگدەش ۋە ئۇخلاشتىن ئىبارەت مەخلۇقىي سۈپەتلەردىن پاكلايدۇ.

پۈتۈن مەۋجۇداتنى ھەر قاچان ئىدارە قىلىشنىڭ ھەقىقىتى ناھايىتى بۈيۈك ھەقىقەتتۇر. ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا ئۆزىنىڭ چەكلىك تەسەۋۋۇرى بىلەن خىيال دېڭىزىدا ئۈزگەندە، ئىنسانغا نىسبەتەن بۇ پايانسىز ئالەمدە يۈز بەرگەن ھادىسە، شەيئىلەرنى، جانلىقلارنى، ھۈجەيرەلەرنى، مولېكۇلالارنى ساناپ تۈگىتەلمەيدۇ. بىراق قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تەسەۋۋۇر ۋە تەتقىق قىلىپ ئاللاھنىڭ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئاللاھقا بېقىنىدىغانلىقىنى، تايىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

پۈتۈن مەۋجۇداتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنسان قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئىنسان پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى ئاز نەرسىلەرنىلا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. كائىنات ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاجايىباتلار ئادەم ئەقلىنى لال قىلىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلغانسېرى، تەھقىق قىلغانسېرى ئادەمنىڭ ھەيرانلىقى شۇنچە كۈچىيىدۇ، ھەيرانلىقى ئاشقانسېرى قايىللىقى شۇنچە كۈچىيىدۇ، ئىمانى شۇنچە زىيادىلىشىدۇ ھەم بۇنىڭدىن چەكسىز ھۇزۇر ۋە بەخت ھېس قىلىدۇ.

**"لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ"[ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۈلۈكى)دۇر]نىڭ تەپسىرى**

ھەقىقەتەن **"ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۈلۈكى)دۇر"**، ئاللاھ ئىگىدۇر، ئاللاھتىن باشقىسى مۈلۈكتۇر، ئاللاھ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، باشقۇرغۇچىدۇر. ئاللاھتىن باشقىسى يارىتىلغۇچى، تەمىنلەنگۈچى، باشقۇرۇلغۇچىدۇر. يارالغۇچى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇتلەق ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى جۈملىدە "ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن" دېيىلگەن. ئەگەر مەخلۇق ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولالايدۇ، دېيىلگەندە ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە رۇخستى بىلەن ئىگە بولالايدۇ. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش مەلۇم دائىرە ۋە چەكلىمە ئىچىدە بولىدۇ، ئىنساننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئەلۋەتتە نىسپىي بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىگىدارلىقى ھەم ئومۇمىي ھەم مۇتلەق بولىدۇ، ئۇ ھېچقانداق چەكلىمە، شەرت ۋە يوقىلىش ياكى شېرىكچىلىكنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ بىر خۇدالىق ئەقىدىنىڭ بىر مەزمۇنىدۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىك بولغان ھەممىگە ئىگىدارلىق قىلىدىغان يېگانە زاتتۇر. بۇ خىل ئىگىدارلىق چۈشەنچىسى ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئىگىدارلىقنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ۋە بەلگىلەشتە بىرلەمچى خاراكتېرلىك رولى بار. ئىگىلىك پەقەت ئاللاھقىلا خاسلاشقاندا كىشىلەرنىڭ مۈلۈكلەرگە ئەسلىدىنلا ئىگىدارلىق قىلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى ئەسلىدە ھەممىگە ئىگىدارلىق قىلىدىغان ھەقىقىي بىر ئىگە تەرەپتىن ئىگە قىلىنغان مۈلۈكتۇر. شۇڭا كىشىلەر بۇ ئىگىلىككە ئىگىدارلىق قىلىشتا بۇ ئىگىلىككە ئىگە قىلغۇچى ئىگىنىڭ شەرتلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئىگە ئۇلارغا ئۆز پىرىنسىپىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى

بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ پرىنسىپتىن چەتنىشىگە ئاساس يوق. ئەگەر پرىنسىپتىن چەتنەيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىگىلىكى شەرئى ئەھدىدىن ۋە شەرئى يولدىن چەتنەپ ئېرىشكەن ئىگىلىك بولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇلۇكلىرىدە ئېلىپ بارغان تەسەررۇپاتلىرى، مۇئامىلاتلىرى باتىل بولىدۇ. بۇنداق مۇئامىلىنى ھەقىقىي مۇئمىن رەت قىلىدۇ. دېمەك، **"ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۇلۇكى)دۇر"** دېگەن بۇ ھۆكۈم ئەقىدىۋى ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئىنسان ئۆز قەلبىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزىگە بېرىلگەن مۇلۇكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، ۋاقتى كەلگەندە مال ـ مۇلۇكنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇش، ئاخىرىدا بۇ مۇلۇكنىڭ ئاللاھقا قايتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قولىدىكى مال ـ مۇلۇكنىڭ مەلۇم مۇددەتكىچە ئاللاھتىن ئېلىنغان ئارىيەت ياكى ئامانەت ئىكەنلىكىنى، ئارىيەت ۋە ئامانەتنىڭ ھامان ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاندۇرۇش لازىم. بۇنداق قىلىش ئىنساننى پەسلىك، تەمەخورلۇق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ شەررىدىن ئەمىن قىلىدۇ. ۋۇجۇدىدا قانائەت، رازىمەنلىك، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك، سېخىلىق قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئېرىشكەندە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان، قولدىن كەتكەندە ئاھ ئۇرۇپ، ئۆزىنى يوقاتماي توغرا ئاڭ بىلەن ئىگىلىك تىكلەش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

**"مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ"(ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن)نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملىمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىلاھلىق مەقام بىلەن بەندىلىك مەقامنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرىدۇ. بەندە دېگەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن تۇرىدۇ. بىراۋغا ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلىشقا مەيدە قاقمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ رۇخسەت قىلسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ھەم چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بەندىلەر بىرى ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىدۇ. ئاللاھنىڭ تارازىسىدىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىراۋنىڭ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز شاپائەت قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنداق ھەقىقەت ئاستىدا پەيغەمبەرلەر ھەقنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئىلاھلىق بىلەن بەندىلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن كىشىلەر ماھىيەتتە بەندىنى پەرۋەردىگار، پەرۋەردىگارنى بەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ پەرۋەردىگارنىڭ غەيرىدىن شاپائەت تىلەپ پەرۋەردىگارغا شېرىك كەلتۈرۈپ تەۋھىد ئەقىدىسىنى بۇزغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە پەرۋەردىگار پەرۋەردىگار بولۇشى، بەندە بەندە بولۇشى لازىم ئىدى.

شاپائەت مەسىلىسى ئىسلام ئەقىدىۋى مەسىلىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم، نازۇك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن، بىر قىسىم كىشىلەر سەل قارىغان، بىر بۆلۈك كىشىلەر نورمال يول تۇتقان. چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، ئۆلۈكلەردىن، مازارلاردىن، بۇتلاردىن، دەرەخلەردىن، تاشلاردىن مەدەت تىلىشىپ، شېرىك ئەقىدىسىگە كىرىپ كەتكەن: **"ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، 'بۇلار(يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار' دېيىشىدۇ، ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر"**{سۈرە«يۇنۇس» (10 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت}؛ سەل قارىغۇچىلار گۇناھى كەبىرە قىلغۇچىلارغا قىلىنىدىغان شاپائەتنى ئىنكار قىلىپ، **"(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن ئېيتقىنكى، '(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن(خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ،**

**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**'' {سۈرە «زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 53 ـ ئايەت} دېگەنگە ئوخشاش بۇ ھەقتە كەلگەن كىتاب ـ سۈننەتنىڭ ئېنىق نەرسىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ ئېزىپ كەتكەن؛ نورمال يول تۇتقانلار، يەنى ئەھلى سۈننىي ۋەلجامائەلەر شاپائەتنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بايان قىلغان رەۋىشتە ئىسپاتلاپ ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنگەن. بۇلار ''**... بىز سىلەرنى ياخشى**[②] **ئۈممەت قىلدۇق**'' {سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 143 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتتە ماختالغان كىشىلەردۇر.

''شاپائەت''نىڭ سۆز مەنىسى جۈپ، جۈپلىمەك، دېگەن بولىدۇ. ئاتالغۇ مەنىسى ھاجەتلەرنى راۋا قىلىشقا ۋاستە بولماق، يەنى ھاجەتمەن بىلەن ھاجەت راۋا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلماق، دېگەن بولىدۇ. شاپائەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت؛ يەنە بىرى، كىشىلەر ئارىسىدىكى شاپائەت. كىشىلەر ئارىسىدىكى شاپائەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ياخشى شاپائەت؛ يەنە بىرى، يامان شاپائەت. ياخشى شاپائەت پايدىلىق، ياخشى ئىشلارغا ياردەم قىلىش بولۇپ بىراۋنىڭ ھاجەتمەن بىلەن ھاجەت راۋا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يامان شاپائەت بولسا، يامان ئىشلارغا ياردەم قىلىش بولۇپ بىراۋنىڭ ھاجەتمەن بىلەن ھاجەت راۋا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا يامان ئىش بىلەن ۋاستىچىلىك قىلىشنى، يەنى يامان ئىشقا ياردەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ''**كىمكى (كىشىلەر ئارىسىدا) ياخشى ئىش ئۈچۈن شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى ياخشى ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ؛ كىمكى بىر يامان ئىش ئۈچۈن شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى يامان ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ. ئاللاھ ھەممە ئىشقا قادىردۇر**'' {سۈرە «نىسا» (4 ـ سۈرە)، 85 ـ ئايەت}.

ئەمما ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت بۇ خىل شاپائەتكە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت —— قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىكرام قىلغان بىر قىسىم بەندىلىرىنىڭ گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ) سەۋەبلىك ئازابقا تېگىشلىك بولغان مۆئمىنلەرنىڭ بىرەرسىگە دۇئا قىلىشى ئارقىلىق ئۇنى ئازابتىن خالاس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەرت بىلەن بولىدۇ: بىرى، شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولىدۇ (ھېچكىم ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ. ئەمما بەندىلەر ئىچىدىكى شاپائەتتە ئاللاھنىڭ رۇخسىتى شەرت ئەمەس. مەيلى ياخشى شاپائەت بولسۇن، مەيلى يامان شاپائەت بولسۇن بۇ دۇنيادا قىلسا بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا سىناقنىڭ ئالەمى)؛ يەنە بىرى، شاپائەت قىلىنغۇچى شاپائەتكە لايىق كىشىلەردىن بولۇشى لازىم. يەنى ئەھلى ئىمان بولغان بولۇشى لازىم. ''**ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ**'' {سۈرە «ئەنبىيا» (21 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}. ھەقىقەتەن ئاللاھ مۆئمىنلەرگىلا رازى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس شاپائەتلەر: بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت مەيدانىدا مەھشەر ئەھلىگە قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى يەڭگىللىتىشكە قىلىدىغان شاپائىتى؛ ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە كىرىشكە شاپائەت قىلىشى؛ ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەسلىدىكى مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان شاپائىتى؛ تۆتىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھى كەبىرە قىلغۇچىلارنى دوزاختا كىرمەسلىككە شاپائەت قىلىشى، دوزاختا كىرگەنلەرنى چىقىرىشقا قىلىدىغان شاپائىتى؛ بۇ خىل شاپائەتتە باشقا مۆئمىنلەرمۇ ئورتاق بولىدۇ، يەنى بەزى مۆئمىنلەر بەزى مۆئمىنلەرگە شاپائەت قىلىدۇ. گۇناھى كەبىرە قىلغۇچىلارغا قىلىنىدىغان شاپائەت ئورتاق شاپائەت بولۇپ پەرىشتىلەرمۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ، ياخشىلارمۇ شاپائەت قىلىدۇ. ھەتتا بوۋاقلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا شاپائەت قىلىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت پەقەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولىدۇ. بۇ شاپائەت ئاخىرەتتە بولىدۇ. كىمنىڭ شاپائەت قىلىشقا لايىق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما پەرىشتىلەر ۋە

② ''ياخشى'' دېگەن بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى ''ۋەسەت'' (وسط) دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدۇر، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى: ''ئوتتۇرا ھال''، ''مۆتىدىل''، ''نورمال'' دېگەن بولىدۇ. مەسلەك ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى ئوتتۇرا ھاللىق ۋە مۆتىدىللىك ياخشىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر ـ ئا

www.uygurkitap.com

پەيغەمبەرلەرنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق. كىمكى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەلۇم شەخسلەرگە شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، ئۇ ئىسلام ئەقىدىسىدىن چىققان بولىدۇ. چۈنكى، شاپائەت قىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ــ ئۆزىنى جەننەتى، دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەن كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ جەننەتلىكگە ياكى دوزىخىيلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىسلام دىنىدا بەندە ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق شەخس ياكى ھېچقانداق شەيئىنى ۋاستە قىلىدىغان ئىش يوق. ئاللاھ تائالا: ‹‹**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن(يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار**››{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت} دېگەندەك ئۆزى ئاللاھ تائالاغا ياخشى ئەمەللىرى بىلەن بىۋاسىتە ئىبادەت قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ‹‹**ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ 'بۇلار(يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار' دېيىشىدۇ. ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە(يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر**›› {سۈرە«يۇنۇس»(10 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت} دېگەندەك ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلىنغان شەخس ياكى شەيئى بۇت قاتارىدا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. دېمەك، شاپائەتنى ئاللاھتىنلا تىلەش، يەنى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، مۇئمىنلەرنىڭ شاپائەت قىلىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىنلا تىلەش كېرەك.

**“يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ” [ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى(يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى(يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ]نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملىمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ كائىناتتا ئەكس ئەتكەن كامالى قۇدرىتىنى، ھەممە شەيئىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدىغان كامالىي ئىلمىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى، ئۆتمۈش ـ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى بىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ كامالى ئىلىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ بەندىلەرنىڭ ئىلمىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بەندىنىڭ ئىلمى زامان ـ ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئاللاھنىڭ ئۇنداق ئەمەس.

ئاللاھنىڭ ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنى بىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت بەندىگە ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ ناھايىتى چەكسىزلىكىنى، ئىنسان ئىلمىنىڭ ناھايىتى چەكلىك ئىكەنلىكىنى تونۇشقا، شۇنداقلا بەندىنىڭ ئۆز ئىلاھىنى تونۇشقا ۋە ئۆز ئىلاھى ئالدىدىكى ئورنىنى تونۇشقا تۈرتكە بولىدۇ؛ ئىنسان ۋۇجۇدىدا بىر خىل تەۋرىنىش ۋە ئويغىنىش ھاسىل قىلىپ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگار ئالدىدا ھېچنېمىنى يوشۇرالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئاللاھقا سەممىي بەندىچىلىك قىلىشقا، ئۆزىنىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى تونۇشقا يۈزلەندۈرىدۇ ۋە ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئەمەلىي ياخشىلىقلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

**”وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء“[ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن(يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ]نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملىمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، يۇقىرىدىكى جۈملىنى مەنە جەھەتتىن تەكىتلەپ ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كامىللىقىنى، ئاللاھتىن باشقىنىڭ ئىلمىنىڭ ناقىسلىقىنى، يەنى مەخلۇقلارنىڭ خالىقنىڭ مەلۇماتىدىن خالىق خالىغىنىدىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ مەلۇماتىنىڭ چەكسىزلىكىنى، بەندىنىڭ مەلۇماتىنىڭ چەكلىكلىكىنى، چەكلىك ئىلىم ئىقتىدارى بىلەن چەكسىز ئىلىمنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا «ئەل ـ جامىئ فى ـ ئەھكامىل ـ قۇرئان» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى شەمسۇددىن

قۇرتۇبى مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ: ”بۇ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر قۇچقاچ دېڭىزدىن سۇ ئىچىۋاتقاندا: ‹مېنىڭ ئىلمىم بىلەن سېنىڭ ئىلمىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن پەقەت مۇشۇ قۇچقاچ مۇشۇ دېڭىزدىن كېمەيتكەندەك كېمەيتتى› “(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

**”وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ“(ئاللاھنىڭ كۇرسى(مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۇملە يۇقىرىقى جۇملىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەپ، بىرىنچىدىن ئاللاھنىڭ كۇرسىنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئاللاھنىڭ مەلۇماتىنىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ بارلىق مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بىرىنچى مەنە بويىچە ئېيتقاندا، ”كۇرسى“ ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى كاتتا مەخلۇقى بولۇپ ئۇ ئەرشنىڭ ئالدىدىكى، ئەرشتىن كىچىكرەك نەرسىدۇر. ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا قايسى نەرسە ئەڭ كاتتا قىلىنىپ نازىل قىلىندى؟› دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئايەتۇلكۇرسى› دەپ، ئاندىن مۇنداق دېدى: **”ئى ئەبۇ زەر! يەتتە قەۋەت ئاسمان كۇرسىغا نىسبەتەن پەقەت باياۋانغا تاشلىۋېتىلگەن ھالقىغا ئوخشايدۇ. ئەرشنىڭ كۇرسىدىن ئارتۇقلۇقى باياۋاننىڭ ھالقىدىن ئارتۇقلىقىغا ئوخشايدۇ“**(سۇيۇتى رىۋايەت قىلغان)؛ ئىككىنچى مەنە بويىچە ئېيتقاندا، ”كۇرسى“ ئاللاھنىڭ ئىلمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «سەھىھۇلبۇخارى»دا ئىبنى جۇبەيرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ”كۇرسى“ ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ: ”ئۇنىڭ كۇرسى ئۇنىڭ ئىلمىدۇر“. دېمەك، ئاللاھنىڭ ئىلمى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى، يەنى ئۇلاردىكى مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**”وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا“(ئاسمان- زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ)نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۇملە يۇقىرىقى جۇملىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، ئۇنى مەنە جەھەتتىن كۈچەيتىدۇ. كىشىنى ”ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ساقلاش ئاللاھقا ئېغىر كەلمەمدىغاندۇ؟ چۈنكى، ئاسمانلار ۋە زېمىن غايەت زور مەخلۇقات تۇرسا!“ دېگەن خاتا تۇيغۇدىن قايتۇرىدۇ. ”ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ساقلاش“ دېگەننى ”كۇرسىنى ساقلاش“ دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**”وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ“(ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۇملە ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىككى سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يۇقىرىقى ئايەتنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە بىر پۈتۈن ئايەت (ئايەتۇلكۇرسى)نى خۇلاسە قىلىدۇ. يەنى ئاللاھ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھەممىدىن ئۇلۇغ زات بولغاچقا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ساقلاش ئېغىر كەلمەيدۇ. ئاللاھ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغاچقا ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇ خالىغان، رازى بولغان ئادەم شاپائەت قىلىدۇ ۋە شاپائەت قىلىنىدۇ. ھەممە مەۋجۇدات ئۇنىڭ مۈلۈكى بولىدۇ، ئۇنىڭغا مۇگدەش، ئۇخلاش مۇناسىپ ئەمەس. ئاللاھنىڭ ”الْعَلِيُّ“(يۇقىرى مەرتىۋىلىك) دېگەن سۈپىتى ”ھۇلۇلىييەت“[③] ۋە ”تەئتىل“[④] ئەقىدىلىرىگە رەددىيە بولۇپ، ھۇلۇلىييەتچىلەر : ”ئاللاھ يۇقىرىدا، ئۈستۈندە ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردە، ھەممە شەيئىدە“ دەپ قارايدۇ؛ تەئتىلچىلەر: ”ئاللاھ يۇقىرىلىق، ... بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ(يەنى ئاللاھنىڭ بۇنداق سۈپىتى يوق)“ دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۈپىتى كىشىنى باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئادەم ئۆزىنى بەك يۇقىرى ھېس قىلسا ئاللاھنىڭ ”الْعَلِيُّ“(يۇقىرى مەرتىۋىلىك) دېگەن بۇ سۈپىتىنى ئەسكە ئېلىشى كېرەك. ئادەم ئۆزىنى بەك ئۇلۇغ ھېس قىلسا ئاللاھنىڭ ”الْعَظِيمُ“(ھەممىدىن ئۇلۇغ) دېگەن سۈپىتىنى ئۇلۇغلۇقىنى ئەسكە ئېلىشى كېرەك.

---

[③] ھۇلۇلىييەت— ئاللاھ ھەممە يەردە، ھەممە شەيئىدە، ئاللاھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەۋجۇدىيەت ئاخىرىدا بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدىغان ئەقىدىۋى ئېقىم.

[④] تەئتىل— ئاللاھنىڭ بىر ياكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سۈپەتلىرىنى بىكار قىلىدىغان، يەنى ئىنكار قىلىدىغان بىر خىل ئەقىدىۋى ئېقىم—ئا.

## «ئايەتۇلكۇرسى»دىن چىقىرىلغان ئەقىدىۋى مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملەر

1."لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُـوَ"(لا ئىـلاھە ئىللاھـۇۋە)‹بىـر ئاللاھتىن باشقا ھېچ(ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر› دېگەن كەلىمىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەر چاقىرىق قىلغان، شۇنداقلا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يىلتىزى بولغان ئىمان كەلىمىسى ئىكەنلىكى؛

2. ئىمان كەلىمىسىگە مۇخالىپ ھالدا، ئاللاھقا قوشۇپ بىر ياكى نۇرغۇن ئىلاھلارنى تىكلەشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكى؛

3."اَلْحَيُّ"(ئەل ـ ھەييۇ)‹ھەمىشە تىرىك› دېگەن سۈپەتنىڭ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى؛

4."اَلْقَيُّومُ"(ئەل ـ قەييۇم)‹ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى› دېگەن سۈپەتنىڭ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى؛

5."اَلْحَـيُّ الْقَيُّـومُ"(ئەل ـ ھەييۇ، ئەل ـ قەييۇم) ‹ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر› دېگەن ئىككى سۈپەتنىڭ ئىسمى ئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) ئىكەنلىكى؛

6. مۈگدەش ۋە ئۇخلاشنىڭ ئاللاھنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىگە زىت بولۇپ مەخلۇقلارغا خاس بۇنداق نۇقسانىي سۈپەتلەر بىلەن ئاللاھنىڭ سۈپەتلەنمەيدىغانلىقى؛

7. ئاللاھنىڭ مۈلۈكىنىڭ ئومۇمىيلىقى، يەنى ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ مۈلۈكى ئىكەنلىكى. ئىنسانىنىڭ مۈلۈكىنىڭ ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكى، ئامانەتنىڭ ھامان ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقى؛

8. ھەممە نەرسە ئاللاھقا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە تەسەررۇپ قىلىشنىڭ لازىملىقى؛

9. ئېلىشمۇ ئاللاھنىڭ، بېرىشمۇ ئاللاھنىڭ ئىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسىبەتلەرگە نىسبەتەن تەسەللىي ئىزدەش، "قازاغا رىزا" پوزىتسىيىسىدە بولۇشنىڭ لازىملىقى؛

10. ئۆز ھەرىكىتى سەۋەبلىك ئېرىشكەنلىرىگە مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرىشكىنىمۇ ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىكەنلىكى؛

11. شاپائەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، لېكىن قىيامەتتىكى شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولىدىغانلىقى، ھېچكىمنىڭ ئۆز ئالدىغا شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى.

12. قىيامەتتىكى شاپائەتنىڭ ئاللاھنىڭ رۇخسىتى ۋە ئاللاھنىڭ شاپائەت قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىدىن رازى بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى شەرت بىلەن بولىدىغانلىقى؛

13. ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى، يەنى ئۆتمۈشنى ھازىرنى، كەلگۈسىنى بىلىدىغانلىقى؛

14. ھەرقانداق كىشىنىڭ باشقىلارنى "مەن ساڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىمەن" دېيىشىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت ئىكەنلىكى؛

15. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقى؛

16. «كۇرسى»نىڭ ئاللاھنىڭ ناھايىتى كاتتا مەخلۇقى ئىكەنلىكى ياكى ئاللاھنىڭ ئىلمى ئىكەنلىكى؛

17. ئاسمانلارنى ـ زېمىننى ساقلاش ئاللاھقا ئېغىر كەلمەيدىغانلىقى، يەنى ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقى؛

18. ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكى.

## تۈگەنچە

**"بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر"**{سۈرە«مۇھەممەد»(47 ـ سۈرە)، 19 ـ ئايەت} دېگەن ئىلاھىي ئەمرىگە ئاۋاز قوشۇپ، مەۋجۇدىيەتتىكى ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتنى ئىزدەشنى؛ ئاشۇ ھەقىقەتنىڭ مەزمۇنى بولغان گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى تونۇشنى؛ پەرۋەردىگارلىق مەقام بىلەن بەندىلىك مەقام ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىشنى خالىغان ئادەم «ئايەتۇلكۇرسى»نى يۇقىرىقى تەپسىرلەر ۋە چۈشەنچىلەر ئاساسىدا چىن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇسا، بۇ ئايەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ خاسىيەتلىك ئايەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئىمان كەلىمىسى—"لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُـوَ"(لا

ئىلاھە ئىللاھۇۋە)‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ(ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر›نىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى، بۇ كەلىمىنىڭ ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۈستۈن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. مۇشۇنداق تونۇش بىلەن ئۆزىنى پۈتۈن مەۋجۇدات قاتارىدا ئاللاھنىڭ مۈلۈكى، يەنى بەندىسى دەپ بىلىپ، ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلماي ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى، يەنى شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە بەل باغلايدۇ. شاپائەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بەندىلىك ئورنىنى تونۇپ ھەددىدىن ئاشمايدۇ ھەمدە بەندىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى باشقىلار بىلەن باراۋەر ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنى «ئايەتۇلكۇرسى»، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىدىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ شېرىك، خۇراپىي، ئەبجەش قاراشلارغا قەتئىي رەددىيە بېرەلەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. بۇنداق ئەقىدىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ تەۋھىد ھەقىقىتىنى تونۇغان، ئىمان لەززىتىنى تېتىغان ئادەمنىڭ يېنىدىن شەيتاننىڭ يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھېس قىلىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرەم)

## شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 7-قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، قىرائەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىنستىتۇت بويىچە 7 ـ قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە ئىنستىتۇتتىكى رەھبەرلەر ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن بولۇپ جەمئىي 250 كە يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە ئۈچ قارار 6 سىنىپتىن جەمئىي 60 نەپەر ماھىر تىزىملاتقان بولۇپ، ماھىرلارنى كۆپ قېتىم تاللاش ئارقىلىق، 26 نەپەر ماھىر بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تاللاپ چىقىلدى. ئىنستىتۇت مەسئۇلى غوپۇر رېشىت قىرائەت مۇسابىقىسىدا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. مۇسابىقە ھاپىزلار تۈرى، بەش پارىلىقلار تۈرى، ئۆلچەملىك مۇقرىلار تۈرى، يەرلىك مۇقرىلار تۈرى، ئەزان توۋلاش تۈرى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. ماھىرلار چەك تارتىش، ئۆزى تاللاپ ئوقۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بويىچە ئادىل مۇسابىقىلىشىش، ئىنستىتۇت مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرەقىپ داموللام ھاجى، دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن باھالىغۇچىلارنىڭ ئادىل نومۇر قويۇشى ئارقىلىق، ئابدۇغوپۇر سوپى قاتارلىق 5 نەپەر ماھىر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، توختاۋباي قاتارلىق 5 نەپەر ماھىر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئابدۇكېرەم ئوبۇلقاسىم قاتارلىق 5 نەپەر ماھىر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قالغان ماھىرلار رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇسابىقىدىن كېيىن، ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن ماھىرلارغا مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى.


(راھىلە ئابدۇكېرىم)

## دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى

2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ئىسلام مائارىپى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئابدۇرەھىم سەمىر ئورتانى، ئوقۇش مۇكاپات پىلان بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئادىل ئابدۇۋاھاب ئابدۇللا سىندى قاتارلىق مېھمانلار ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا زىيارەتكە كەلدى. مېھمانلارنى ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى، ھەر قايسى بۆلۈم مەسئۇللىرى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىنستىتۇت مەسئۇلى غوپۇر رېشىت ئىنستىتۇتنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. ئىككى تەرەپ قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. سۆھبەتتىن كېيىن مېھمانلار ئىنستىتۇت رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە مەكتەپنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى، ئوقۇتۇش بىناسى، كۇتۇپخانا، كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇتۇش سىنىپى قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(راھىلە ئابدۇكېرىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەپۇ قىلىش روھىغا ئىگە مۇسۇلمانلاردىن بولايلى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى: **"كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر"**{سۈرە«شۇرا»(**42** ـ سۈرە)، **43** ـ ئايەت}؛ يەنە ئېيتىدۇركى: **"مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ(ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا(ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: 'سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز' دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)"**{سۈرە«فۇرقان»(**25** ـ سۈرە)، **63** ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن دەيدۇ: **"بىر بەندە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، 'ئى ئاللاھ! گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن'، دېسە، ئاللاھ تائالا: 'مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناھى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدىم'، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن قايتا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ: 'ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن'، دېسە، ئاللاھ تائالا: 'مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناھى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدىم'، دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندە بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن قايتا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ: 'ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن'، دېسە، ئاللاھ تائالا: 'مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناھى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، ھەقىقەتەن مەن بەندەمنى مەغپىرەت قىلدىم، خالىغىنىنى قىلسۇن'، دەيدۇ"**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەتى كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىف

ۋەز-تەبلىغ

بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، باشقىلار بىزگە ئەزىيەت يەتكۈزگەندە ياكى خاتالىق سادىر قىلغاندا، گەرچە بىز قارشى تەرەپكە قارشىلىق كۆرستىشكە قادىر بولالىساقمۇ، ئۆچ ئالماي كەچۈرسەك تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى باشقىلارنى كەچۈرۈش ۋە ئۇلارغا كەڭ قورساق بولۇش ئاللاھنىڭ ئەمرى بولۇپلا قالماي، يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئەخلاق-پەزىلەتتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ روھىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار كەڭ قورساق بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتنى ھازىرلىشى كېرەك، ئەپۇچانلىق ئەڭ يۈكسەك پەزىلەت جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئەڭ بۈيۈك رەھىم-شەپقەتنى ئاتا قىلدى، گەرچە ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە چەكلىمىلىرىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ يەنىلا ئىنساننىڭ ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى: "**يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىماندا سەممىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ**"{سۈرە «ئەئراف»(7-سۈرە)، **153**-ئايەت}.

ئاللاھنىڭ مېھرى-شەپقىتى ۋە مەغپىرىتى كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ، بۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كەڭ مۇسۇلمان جامائىتىگە قىلغان چاقىرىقى، بىزنىڭ ئەپۇچان بولۇش روھىنى ھازىرلىشىمىزغا قىلغان ھىدايىتى.

## 1. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر

ئاللاھنىڭ مېھرى-شەپقىتى ناھايىتى يۈكسەكتۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ مېھرى-شەپقىتى ھەممە جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى بارلىق كائىناتقا ياغدۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى رەھىملىك، مېھرى-شەپقەتلىك، ئەپۇچان ۋە مەغپىرەت قىلغۇچى دېگەندەك بىرمۇنچە مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى: "**سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**"{سۈرە«بەقەرە»(**2**-سۈرە)، **163**-ئايەت}.

ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى پۈتۈن ئىنساننى ۋە جىمى كائىناتنى قاپلايدۇ. شۇڭا مەيلى قايسى مىللەت، ئىرق ياكى قايسى ئېتىقادتا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ ھەممىگە مېھرى-شەپقىتىنى، مەرھەمىتىنى ۋە رىزقىنى ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى: "**يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ(مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابتا(يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) يېزىلغاندۇر**"{سۈرە«ھۇد»(**11**-سۈرە)، **6**-ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: "**ئاللاھ تائالا رەھمەتلىكنى 100 ئۈلۈش قىلىپ، ئۆز دەرگاھىدا 99 نى ئېلىپ قېلىپ، زېمىنغا پەقەت بىر ئۈلۈشىنى چۈشۈرگەن، مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزئارا سىلە-رەھىم قىلىشى، ھەتتا ئاتنىڭ ئۆز بالىسىنى دەسسىۋېتىمەسلىك ئۈچۈن تۇۋىقىنى كۆتۈرىۋېلىشىمۇ ئەنە شۇ بىر ئۈلۈشىنىڭ سەۋەبىدىندۇر**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىنسان ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولغان بارلىق نېمەتلەرگە ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ پەزلى-رەھمىتىگە، ئاندىن ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى: "**ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى(سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى)، ئاللاھ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**"{سۈرە«نۇر»(**24**-سۈرە)، **20**-ئايەت}.

بەندە بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە ئەمەلىنى تۈزەتسە ئاللاھ ئۇ بەندىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇكى: "**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا:**

"سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىشنى) ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ، دېگىن" {سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 54 ـ ئايەت}.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا كۈندۈزدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشىنى ئۈچۈن كېچىدە تەۋبە دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ ۋە كېچىدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشىنى ئۈچۈن كۈندۈزدە تەۋبە دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ، بۇ ھال تاكى قۇياش غەرب تەرەپتىن چىققۇچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) داۋاملىشىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، گەرچە بەندە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، ئەگەر بىلمەستىن قىلىپ سالسا، يەنىلا ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇركى: **"سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشلىرىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"** {سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 5 ـ ئايەت}.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە ئەسىر ئېلىپ كېلىنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەسىرلەر ئىچىدىكى بىر ئايال مېڭىپ يۈرۈپ ئەسىرلەر ئارىسىدىن بىر كىچىك بالىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئىمىتتى. رەسۇلۇللاھ: **"قاراڭلار، بۇ ئايال ئۆز بالىسىنى ئوتقا تاشلارمۇ؟"** دېدى. بىز: **"ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قىلمايدۇ"** دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: **"ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە بۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ ئارتۇق مېھرىباندۇر"** دېدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا بولغان پەزلى ـ رەھمىتى ناھايىتى كەڭدۇر، ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، ئاللاھ سەۋەنلىكنى تەرك ئېتىپ توغرا يولغا ماڭغان بارلىق بەندىسىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى: **"پەرۋەردىگارىمىز سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن"** {سۈرە«غافىر»(40 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت}.

## 2. رەھىمدىللىك، كەڭچىللىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشەببۇسىدۇر

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى: **"(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق"** {سۈرە «ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 107 ـ ئايەت}.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇھۇد جېڭىدا، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن، دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئېغىر زىيانغا دۇچار بولغان، ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ چىشى سۇنۇپ، يۈزى يارىلانغانىدى، بۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ يولۇققان ئەزىيەتلىرىگە دەرغەزەپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، دۈشمەنلەرگە لەنەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: **"مەن كىشىگە لەنەت قىلىشقا ئەمەس، بەلكى رەھمەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن، ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ"** دېگەن («شىفا»دا رىۋايەت قىلىنغان).

يۇقىرىدىكى ئايەتى كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىف بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلۇللاھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى ئۇ زات ئارقىلىق پۈتۈن ئەھلى جاھاننى ھىدايەت ۋە رەھمەتكە يېتەكلەش، ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئەھلى جاھانغا بولغان پەزلى ـ رەھمىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ تەلىمىگە بەجانىدىل ئەمەل قىلىپ، "پۈتۈن ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىش"نى تەشەببۇس قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا ئۆچىنى ئالماي، ئەزىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۈمىدىنى ئۈزمەي، ئېغىرچىلىققا سەۋرى قىلىپ،

كەڭچىللىك بىلەن ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان ۋە ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرنى كەچۈرگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى: ‹‹**ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا(يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن(يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)**›› {سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، **199** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتنى كەرىمە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى تەرك ئەتكەنلەرگە يېقىنلىشىشنى، ئۇ زاتقا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرنى كەچۈرۈشنى، زىيانكەشلىك قىلغانلارغا مۇلايىم بولۇشنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەككە مۇكەررەمەدە دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى ۋە قەستلىشىگە ئۇچرىغاندا، بۇ ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلىپ، مەككىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. كېيىن مەككە مۇشرىكلىرى يەنە كۆپ قېتىم ئۇرۇش قوزغاپ، رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىنى فەتھى قىلغان چاغدا، مەككە قۇرەيشلىرى ئارىسىدىكى مۇشرىكلار ئالاقزادە بولۇپ، كەئبە چۆرىسىگە توپلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەشكەنىدى، ئەمما رەسۇلۇللاھ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە ئەزىيەت يەتكۈزگەن بۇ مۇشرىكلەرنى كۆرگەندە: ‹‹سىلەر ئېھتىمال مېنىڭ سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىم ئۈستىدە ئەندىشە قىلىپ يۈرگەنسىلەر، قېنى مېڭىڭلار، ھەممىڭلار ئازاد›› دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ خىل كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇشتەك پەزىلىتى قۇرەيشلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن ۋە ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن مۇسۇلمان بولغان.

نەجدە جېڭىدا، بىر مۇشرىك رەسۇلۇللاھنىڭ دەرەخ سايىسىدا ئارام ئېلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنى ئوغرىۋالىدۇ، ھەم ئۇ زاتقا غەزەپ بىلەن: ‹‹قېنى كىم بۈگۈن سېنى قوغدىيالايدۇ؟›› دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن: ‹‹ئاللاھ مېنى قوغدايدۇ!›› دەيدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس مەيدانى قارشى تەرەپنى چۆچۈتۈۋېتىدۇ ـ دە، قولىدىكى قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ يەردىكى قىلىچنى مۇبارەك قولىغا ئېلىپ: ‹‹ئەمدى ھازىر كىم سېنى قوغدىيالايدۇ؟›› دەپ سورىغاندا، بۇ مۇشرىك: ‹‹سەن بولساڭ مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ ئېسىل زاتسەن›› دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، ھەم ئۇنىڭغا: ‹‹بولدى، كەتكىن›› دەيدۇ. شۇ پەيتتە بۇ مۇشرىكنىڭ دىلىغا رەسۇلۇللاھقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ھاياجانلانغان ھالدا: ‹‹مەن ئەڭ ئېسىل زاتنىڭ قېشىدىن كەلدىم›› دەيدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بۇ خىل پەزىلەتنى ھازىرلىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھنىڭ كەڭ قورساق ۋە رەھىمدىل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى. بىز رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش، ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرگە كەڭ قورساق بولۇشىمىز، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، خاتالىقنى تونۇپ، توغرا يولغا مېڭىشقا ئىنتىلگەنلەرنى ئەپۇ قىلىشىمىز، خۇددى ئاللاھ تائالا بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزنى مەغپىرەت قىلغاندەك، بىزمۇ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە مەغپىرىتىگە مۇشەررەپ بولالايمىز.

### 3. كەڭ قورساق بولۇش مۇسۇلماننىڭ گۈزەل ئەخلاقى

كەڭ قورساق بولۇش كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەخلاق نىزامى ۋە ئۆلچىمى. ھەممە ئادەمنىڭ كەمچىلىكى ۋە يېتەرسىزلىك تەرىپى بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەم خاتالىقتىن تامامەن خالىي بولۇپ كېتەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنى كەچۈرۈش باشقىلارنىڭمۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزنى كەچۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى: ‹‹**ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان ئىللەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابخانىسى

**بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ“** {سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ـ سۈرە)، 34 ـ ئايەت}

مۇسۇلمانلار ئائىلە ئىچىدىلا كەڭ قورساق بولۇپ قالماي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىمۇ كەڭ قورساق بولۇشى، بولۇپمۇ قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەتراپتىكى خىزمەتداش، كەسپداشلار بىلەنمۇ ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇشى لازىم. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: **”جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا دائىم قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەتتا مەن قوشنىنى(ماڭا) مىراسخور قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتىم“**(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بىز چىن دىلىمىز بىلەن كەڭ قورساق بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: **”باشقىلارغا رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغان ئادەمگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ“** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

كەڭ قورساق بولۇش مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىنىڭ ئىپادىسى، مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەمدە بولۇشى كېرەك. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: **”مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشتە، بىر-بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر-بىرىگە مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشتا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسەن. بەدەندىكى بىرەر ئەزا ئاغرىسا، (پۈتۈن بەدەندىن) ئۇيقۇ قېچىپ، قىزىپ، باشقا ئەزالارمۇ بىئارام بولىدۇ“**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

رەھىمدىللىك، ئەپۇچان ۋە كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماي، ساھابە كىراملارمۇ بۇ ئەمرگە بەجاندىل ئەمەل قىلىپ، ئەپۇچان بولۇش روھىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەتراپتىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ بوھتان چاپلىشىغا دۇچار بولغاندىمۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن، بوھتان چاپلىغانلارنى ئەپۇ قىلغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇركى، **”شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم(ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم(يەنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟“** {سۈرە«نۇر»(24 ـ سۈرە)، 11 — 12 ـ ئايەتلەر}.

بۇ ئايەتى كەرىمە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بوھتاننىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئاقلاش، ئۇنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇپ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي، ھەسسان ئىبنى سابىت، مىستەھ ئىبنى ئۇسامە ۋە جەھشىنىڭ قىزى ھەمنە قاتارلىقلار ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىستەھ بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بولغانلىقى، ھەم ئۇنىڭ يوقسۇل ـ كەمبەغەللىكىنى بىلگەچكە ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايمەن“ دېگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالادىن مۇنداق ئايەت نازىل بولدى: **”ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش-ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا(بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر“** {سۈرە«نۇر»(24 ـ سۈرە)، 22 ـ ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەتى كەرىمە نازىل بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ

مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ مىستەھ ئىبنى ئۇسامەگە بولغان ياردىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندى ھەم ئۇنىڭغا: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا بولغان ياردىمىمنى ئەمدى مەڭگۈ ئۈزمەيمەن“ دېگەنىدى.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، بىز ئىجتىمائىي ھاياتتا، كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، كەڭ قورساق بولۇشنى چوقۇم بىلىشىمىز لازىم، تىنچ روھى ھالەتتە زىددىيەتنى پەسەيتىسەك ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلساق، ئاندىن كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا ئىناقلىقنى ساقلاپ قالالايمىز، بۇمۇ پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىناق، بىللە ياشاشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز رەسۇلۇللاھنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھىمدىل بولۇش، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇش توغرىسىدىكى تەلىمگە ئەمەل قىلىپ ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىپ، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشىمىز لازىم. ئەپۇچان بولغاندىلا كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى، قوۋۋىتىمىزنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئەپۇچانلىق بولغاندىلا، بىز بىلەن باشقىلار، بىز بىلەن ھەر مىللەت، ھەرقايسى دىنلار ئارىسىدا ئىناق بىللە ئۆتۈش ھالىتى شەكىللىنىدۇ.

ئەھلى جامائەت! ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىسلام دىنى كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر. كەڭ قورساق بولۇش ئىنساننىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ تاشقى ئىپادىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا بولغان نېمىتى. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشتەك روھى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان مەغپىرىتىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى، ئۇنى ئۆزى دۇچ كەلگەن بارلىق ئىشلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قىممىتىنى نامايان قىلىشى لازىم. ھەربىرىمىز كۆڭلى ـ كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، كىشىلەر بىلەن بولغان ھەقىقىي سەمىمىيلىك، ئىشەنچ ۋە ئىناقلىقنى ھاسىل قىلايلى. كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق روھى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا كەڭ تارقالغۇسى.

**پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن.**

—— سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 8 ـ ئايەت

ئامىن!

(«يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» 4 ـ توپلامدىن ئېلىندى)

(بېشى 41 ـ بەتتە) چۈنكى بىر جەمئىيەتتە ياخشىلىقنىڭ تەرغىب قىلىنماسلىقى يامانلىقنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە رازىلىق بەرگەنلىكتۇر. ياخشىلىق كۆرەلمەيدىغان زىننەت بۇيۇمى ئەمەس، بەلكى ئۇ يامانلىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قورالدۇر. يامانلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسماسلىق، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش ئەمەلىيەتتە شۇ گۇناھ ۋە جىنايەتنىڭ يامىرىشىغا يول قويغانلىق، ئۇنىڭغا يانتاياق بولغانلىق، بۇمۇ ھەم يېتەرلىك جىنايەتتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلىمىز مۇنداق دېگەن: **”قايسىبىر قەۋمدە جىنايەت ۋە گۇناھ ئىش قىلغۇچىلاردىن كۆرە، گۇناھ قىلمايدىغانلار كۆپ ۋە كۈچلۈك تۇرۇپ ئۇلارنى (قىلمىشلىرىدىن) توسمايدىكەن ئاللاھنىڭ جازاسى ھەممىيلەنگە باراۋەر“** (ئىمام سيۇيۇتى رىۋايەت قىلغان). ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسا گۇناھ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرلا جازالىنىدۇ. باشقىلارنى يامانلىقتىن توسۇش، ۋەتەننىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتىغا كۈچ چىقىرىش ھەر كىمنىڭ ئەقلى ـ زاكاۋىتىگە، ۋىجدانىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

ھازىرقى دۇنيادا تۈرلۈك مىللەتكە تەۋە ئىنسانلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنى قەلبىگە مەھكەم پۈككەن ھالدا، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى مەۋجۇتلۇقى، يۈكسىلىشى ئۈچۈن تىرىشماقتا. بىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا مۇبارەك ۋەتىنىمىزنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ئۆزگە مىللەتلەر قاتارىدا قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ، ئامان ـ ئېسەن، بەختلىك ياشىشىمىز كېرەك. بوۋىلىرىمىزنىڭ ”ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس“ دېگەن ھېكمەت گۆھىرىنى ھەر ۋاقىت كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسرىشىمىز ھەم چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: ئاقچى ناھىيىسىدىن، قىرغىز؛
تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

www.uyghurkitap.com



# ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا رەڭگىرويىڭ سامان بولماس

خېلىل ھۆسەن

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممەتلىرىگە ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈشتىن تارتىپ تاھارەت ئېلىشقىچە بولغان كونكرېت پائالىيەتنىڭ تەرتىپىنى ئۆگەتسە، خەيرى ـ ئېھسانغا، تەرەققىياتقا دەۋەت قىلىشتا يۇقىرىسى ئاللاھنى تونۇشتىن تارتىپ ئەدناسى يولدىكى تاش، تىكەن چاغلىق نەرسىنى ئېلىۋېتىشكىچە بولغان خەيرلىك ئىشلارنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇممەتلىرى ئۈچۈن باشقا نەرسىگە موھتاج بولمىغۇدەك يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئەندىزىلەرنى بەرپا قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇ زات ئەنە شۇنداق دەۋەتلىرىنىڭ بىرىدە: **"مەندىن كېيىنكى ئۇممەتلىرىم ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن ــ ھاۋايى نەپسىگە بېرىلىپ كېتىشتىن، نەپسانىي ۋە شەھۋانىي نەپسىگە بېرىلىپ كېتىشتىن، مەرىپەتكە ئىگە بولۇپ تۇرۇغلۇق غاپىللارچە ئىش كۆرۈشتىن قورقىمەن"**(بەغەۋى ۋە ئىبنى مەندە رىۋايەت قىلغان) دېگەنىدى.

ھەر ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۆز ئىشىغا يارىشا بولغىنىدەك، ۋەتەننىڭ شانۇشەۋكىتى، مىللەتنىڭ ئوبرازى ھەربىر شەخسنىڭ ئوبرازىغا چەمبەرچاس باغلانغاندۇر. ۋەتەن، مىللەتنىڭ سەلتەنىتى ھەر بىر شەخسنىڭ ئۇنى سۆيۈشى، قەدىرلىشى، قوغدىشىدىن تىكلىنىدۇ. كىمكى ئۆز ۋەتىنى، مىللىتىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىكەن ئۆز پۇتىغا پالتا چاپقان بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز: "تاپىنىڭغا تىكەن كىرسە، ئۆزۈڭنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن كۆر" دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

جاھاننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئالىملار "ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارى بار" دەپ كىشىلەرنى ئۆز مۇھىتىنى قوغداشقا چاقىردى. بىزمۇ بىر قىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىك سەۋەبى بىلەن شۇنداق دەيمىزكى: "ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا رەڭگىرويىڭ سامان بولماس". ئېتىقادى دۇرۇس، ۋىجدانلىق مۇسۇلمان ئۈچۈن ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان تەرەققىيات بىناسىغا ئۆز قولى بىلەن خىش قويۇشتىن كېلىدۇ. "بىز مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ بىزنىڭ ئاتا مىراسىمىز" دەپ قويۇپلا يەپ ـ ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەي يۈرسەك ۋەتەننىڭ

قەدرىگە يەتكەن بولمايمىز. ۋەتەننىڭ قەدرىگە يەتسەك، ئۆزىمىزنىڭ كېلى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەل ـ ۋەتەن، كۆپچىلىك ئۈچۈنمۇ تەر تۆكۈپ ئىشلىشىمىز كېرەك.


ھەر مىللەت، ھەر ئىرق ئۆزىگە خاس نامايەندە بولۇپ، ھەممىسىلا ئاللاھنىڭ بەندىلىرى. زېمىننى ياراتقان ئاللاھ، مۇسۇلماننى ياراتقان ئاللاھ، مۇسۇلمان ئەمەسنى ياراتقان ھەم ئاللاھ؛ ياخشىلىقنى ياراتقان ئاللاھ، يامانلىقنى ياراتقان ھەم ئاللاھ؛ بۇيرۇق بەرگەن ئاللاھ، چەكلىگەن ھەم ئاللاھ. ئاللاھ ھەرگىز ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن بۆلگۈنچىلىك تۇغدۇرۇشقا، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە زۇلۇم سېلىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ تائالا: **‹‹ئۇنداق ئەمەس(يەنى ئۇلار باشقا دىندىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا گۇناھ بولىدۇ). ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار(ئاللاھ دوست تۇتقان كىشىلەردۇر)، چۈنكى ئاللاھ تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ››**{سۈرە‹‹ئال ئىمران››(3 ـ سۈرە)، 76 ـ ئايەت} دېگەن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: **‹‹كىمكى تىنچلىققا ئەھدىلەشكەن نامۇسۇلماننى(مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى) ئۆلتۈرسە، ئۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ۋەھالەنكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى قىرىق يىللىق مۇساپىدىنمۇ كېلىپ تۇرىدۇ››** دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ: **‹‹ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار(يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر››**{سۈرە‹‹بەقەرە››(2 ـ سۈرە)، 208 ـ ئايەت} دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلىپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشىمىز، ئالدىراقسانلىق قىلىپ خاتا يولغا ماڭماسلىقىمىز كېرەك.

مېھرىبان رەببىمىز بىزگە: **‹‹ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار››**{سۈرە‹‹ئال ئىمران››(3 ـ سۈرە)، 103 ـ ئايەت} دېسە، بۇۋىلىرىمىز بۇنىڭغا مۇتابىق ‹‹كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە›› دەيدۇ. دېمەكچىمۇ، غەلىبە بىرلىكتىن كېلىدۇ، شەرەپ بىرلىكتىن كېلىدۇ، كۈچ بىرلىكتىن كېلىدۇ، قۇدرەت بىرلىكتىن كېلىدۇ، زەپەر بىرلىكتىن كېلىدۇ. بىرلىك، ئۇيۇشۇش بولغاچقىلا بىزنىڭ بۈگۈنىمىز بولغان.

قىسقىسى، ۋەتەن بىز ئۈچۈن تەڭدىشى يوق، تۈگىمەس بايلىق. بىر ئىنسان ئۈچۈن ۋەتەن بولمىسا زادى بولمايدۇ. ۋەتىنى يوق ئادەمنى باشقىلار خالىغانچە خارلايدۇ. بىراق ۋەتەن دېگەن ئۇنداق غايىبتىن مىراس قالدىغان ياكى بانكىغا سېلىپ قويۇپ ئۆسۈمىنى خەجلەپ ياتىدىغان ئۆلۈك بايلىق ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۆزلۈكسىز ھالدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىزچىل مەنىۋى كۈرەشلەر بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرۇشقا موھتاج بولىدىغان جانلىق بايلىقتۇر. بىز ۋەتىنى بار، دىيارى بار، مۇستەقىل كۆزقارىشى بار مۇسۇلمان ئىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئۆز ۋەتىنىمىز بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ، ئومۇمغا، كەلگۈسىمىزگە كېرەك بولغان ئىشلاردىن باش تارتماسلىقىمىز، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنىۋى كۈرەشلەردە ئۆز رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئىسلام ئەقىدىسىدىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بۇيرۇق شەكلى بىلەن كېلىدۇ. ئەگەر كۆرۈپ تۇرۇپ توسمىسا، شۇ جىنايەت ئالدى بىلەن توسمىغۇچىغا ئارتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **‹‹سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر››**{سۈرە ‹‹ئال ئىمران››(3 ـ سۈرە)، 104 ـ ئايەت}.

قىسسىلەردە ئېيتىلىشىچە، لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىدە كۆپلىگەن ئادەم ئەخلاقتا بۇزۇلۇپ، بەچچىۋازلىق ئەۋج ئالغان. نەتىجىدە ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، شۇ يامانلىقنى توسمىغان بەندىلەر بىلەن قوشۇپ ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان. چۈشەنمىگەن ئادەم ئۈچۈن بۇ بىر زۇلۇمدەك تۇيغۇ بېرىدۇ، ھەتتا بەزى كالتا پەم ئادەملەر ‹‹ئاللاھنىڭ ئادالىتى نەدە؟ قىلغان ئەمەل ياخشىلىقىمۇ قىلچە پەرۋا قىلمىسا بۇ قانداق بولغىنى؟›› دېگەن خىيالغا كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ قاراشچە بولسا يامانلار ھالاك قىلىنىپ، ياخشىلار قالدۇرۇلسا بولاتتى. ئەمما ئىلاھىي بۇيرۇق ئۇنداق بولمىغان، ئۇ ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ نامايەندىسىدۇر. (داۋامى 39 ـ بەتتە)

uyghurkitap.com




كامىلە ئىسرائىل

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار.**

ــ سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **103** ـ ئايەت

**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن(دىندا) قېرىنداشلاردۇر...**

ــ سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، **10** ـ ئايەت

پەيغەمبىرىمىز: ‘‘**مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش، بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر-بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ**’’(بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)؛ ‘‘**مۇئمىنلار بىر-بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر-بىرى بىلەن دوستلىشىشتا، بىر-بىرىگە ياردەمدە بولۇشتا ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ بىرەر يېرى ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ ۋە قىزىيدۇ**’’(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېيىش ئارقىلىق، قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ساھابىلىرىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن ئورۇنلاشقا شۇنچىلىك ھېرىس ئىدىكى، بۇ جەھەتتە بىرى-بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشنى مەقسەت قىلاتتى. بىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، يەنە بىرى قاراپ تۇرمايتتى. بىرى پۇت بولسا، بىرى قول بولۇپ ئىتتىپاقلىشىپ، دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغىدەك مۇستەھكەم بىرلىك ئاستىدا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. لېكىن مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە ئۆز ئەسلىنى قوغداپ، ھەق يولدا مېڭىشقا تىرىشىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئىچىدىمۇ، ئىمان ئېيتىپ قويساق ياكى بەش پەرزنى ئادا قىلىپ قويساقلا مۇسۇلمانلىق مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز، دەپ قارايدىغانلار ئاز ئەمەس. ‘‘**ئەمەل نىيەت بىلەن بولىدۇ...**’’(بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان) دېيىلگەنىدەك، ئۇ ئىككىسى بىر-

ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق

بىرىسىز دۇرۇس بولمايدۇ. يۇقىرىقى پەرز ھۆكۈملەرنى دىلىمىز بىلەن تەستىقلاش، تىلىمىز بىلەن ئىقرار قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ھەرىكىتىمىزدە ئىپادىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، كۈندىلىك ئىش ـ پائالىيىتىمىزنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. نىيىتىمىز باشقا، ئىبادىتىمىز باشقا، ئىش ـ ئەمەللىرىمىز باشقا بولۇپ قالسا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىزنىڭ بەش پەرزنى ئادا قىلىشتىن باشقا يەنە بالىلىرىمىزنى بېقىش ئۈچۈن ھالالدىن پۇل تېپىشىمىز، ئۆزىمىز ياكى باشقىلارغا قىلغان ياخشى نىيەت، ياخشى سۆز، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولىسىلا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا، ساھابىلىرىمىز بۇنى ھەقىقي چۈشىنىپ ئىجرا قىلغان: ”بىر كۈنى ساھابىلىرىمىز ئىچىدە ئەنسارىلاردىن بولغان بىر ئادەم ئۆيىگە بىر مۇساپىرنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بالىلىرى يېگۈدەك ئازراقلا يېمەكلىكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىغا بالىلىرنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۇ يېمەكلىكنى مېھمانغا تەييارلىشنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن ئۆيدىكى چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، قاراڭغۇ ئۆيدە يېمەكلىكنىڭ ھەممىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ خاتىرجەم غىزالىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرى تاماق يەۋاتقاندەك ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئاچ قورساق ھالەتتە يېتىپ قاپتۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن رازى بولۇپتۇ، مۇنۇ ئايەت ئۇلار توغرىلىق نازىل بولغان ئىكەن: **’ئۇلار ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق(مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر‘**{سۈرە«ھەشر» (59 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت}“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ساھابىلىرىمىزدىن مەدىنەلىك ئەنسارىلاردىن بولغان ئەبۇ تەلھە بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەيرۇھا ناملىق چوڭ خورمىلىق بېغىنى رەسۇلۇللاھقا مەسلىھەت سېلىپ، ئۆز يېقىنلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتكەن. مانا بۇ ھەقىقى مۇسۇلماندارچىلىق، مانا بۇ ھەقىقي ئادەمگەرچىلىك، مانا بۇ ھەقىقى قېرىنداشلىق! مانا بۇ **”ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە(يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر...“**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 92 ـ ئايەت}، **”سىلەردىن قانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا، ئاندىن كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ“** (بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان) دېگەن ئايەت ـ ھەدىسكە رىئايە قىلغانلىق. ھازىر بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز قانداق بولىۋاتىدۇ؟ بىز قانچىلىك رىئايە قىلىۋاتىمىز؟ بۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرەيلى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **”كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ“**{سۈرە«زەلزەلە»(99 ـ سۈرە)، 7 ـ، 8 ـ ئايەت}. دېمەك، ياخشى ئىش قىلساقمۇ ئۆزىمىزگە، يامان ئىش قىلساقمۇ ئۆزىمىزگە بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز يەنە مۇنداق بىر مەشھۇر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ: **”ئۆز ۋاقتىدا ئىلگىرىكى ئۈممەتلىرىمىزدىن ئۈچ ئادەم بىر غارغا يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن كىرىپ تۇرغاندا يۇقىرىدىن بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ غار ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھاياتىمىزدا قىلغان ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھقا سىغىنايلى دېيىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ’ئى ئاللاھ مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن پادا باقاتتىم، مالىلارنى سېغىپ كېلىپ ئالدى بىلەن سۈتنى ئاتا ـ ئانامغا ئىچكۈزۈپ، ئاندىن سەغىرە بالىلىرىمغا ۋە ئەھلى ـ ئايالىمغا ئىچكۈزەتتىم، بىر ئاخشىمى كېچىكىپ قالدىم، سۈتنى ئېلىپ كەلسەم ئاتا ـ ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمىدىم. بالىلار قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى. سۈتنى ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن، سۇبھى يورۇپ ئۇلار ئويغانغىچە قاچىدىكى سۈتنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇردۇم. ئى ئاللاھ! ئەگەر مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە ئاسماننى كۆرەلىگۈدەك يوچۇق ئېچىپ بەرگەن بولساڭ‘ دېۋىدى، قورام تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. يەنە بىرى: ’ئى ئاللاھ! ساڭا مەلۇمكى، مەن تاغامنىڭ قىزىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ يۈز دىنار بەرسەم ئاندىن ئۇنايدىغانلىقىنى ئېيتتى، يۈز دىنار تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم، ئۇ ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغىنىمدا، ئۇ: «ئاللاھدىن قورققىن، نىكاھسىز يېقىنلاشمىغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ**

www.uyghurkitap.com

كەتتىم. ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى دەپ شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە چوڭراق يوچۇق ئېچىپ بەرگەن بولساڭ، دېۋىدى، قورام تاشنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى كۆتۈرۈلدى. يەنە بىرى: ‹ئى ئاللاھ! ساڭا مەلۇمكى، بىر مەدىكارنى ئىش ھەققىگە بىر فەرەق (74 كىلوگرامغا تەڭ) قوناق بېرىشكە سۆزلىشىپ ئىشلەتتىم. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرمەكچى بولغان قوناقنى تېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىپ قويدۇم. ھوسۇل كۆپىيىۋەردى، ئۇنىڭغا چارۋا ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى قۇل ئېلىپ قويدۇم. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئىش ھەققىمنى بەرگىن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئاشۇ چارۋىلار ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى ھەممىسى سېنىڭكى» دېدىم. ئۇ: «مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ بولىدۇ» دېدىم. ئى ئاللاھ! يۇقىرىقى ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلسەڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن› دېدى. شۇنداق قىلىپ، غارنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاش پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇلار غاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى" (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاياللار ئالدىدىكى تەقۋادارلىقى، مانا بۇ ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىغا بولغان سەمىمىي ـ ساداقىتى. دېمەك، ئۇلار نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىققا ئېرىشتى. لېكىن، بىزچۇ؟ بىز ئاخىرەتكە قانچىلىك تەييارلىق قىلدۇق؟ بىزنىڭ دەلىل قىلغۇدەك ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىمىز بارمۇ؟!

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز جەننەتتە تۇرۇپمۇ ئىبلىسنىڭ ھىيلىسى بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن يەردە، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ بۇ زېمىندا تۇرۇپ خاتالىق ئۆتكۈزمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار جەننەتتىن زېمىنغا قوغلانغان ۋاقىتتىن باشلاپلا، قوغلاندى شەيتان ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشقا قىيامەتكىچە مۆھلەت ئالغان. لېكىن ئاللاھ تائالا مېھرىبان ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان. شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ تەۋبىمىزنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھلىرىمىزنى ھەم مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان. مۇكەممەللىك پەقەت ئاللاھقىلا خاس سۈپەتتۇر. ئاللاھ تائالا ۋەدە بېرىپ ئېيتىدۇ: "(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ‹ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر› "{سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىز: "ئىنسان بالىسىنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر" دەپ ئېيتقان (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ھەتتا، ئېغىر گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم، ھەقىقى قورقۇپ تەۋبە قىلسا ھەم تۈزەتسىلا، ئۇنىمۇ كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: "(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، ‹(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر› "{سۈرە «زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 53 ـ ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىز ھەدىس قۇددۇسىدا: "ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن› " دېگەن (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ گۇناھكار ھالەتتە ئۆلۈپ دوزاختا ئازابلىنىشىنى خالىمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى" {سۈرە «مۇلك» (67 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىز: "دۇنيادا سەن گويا مۇساپىردەك ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن" دېگەن (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

شۇنداق، ھاياتىمىز چەكلىك، بىز بۇ دۇنياغا كېلىپ تاكى قەبرىگە كۆمۈلگىچە بولغان ۋاقىت خۇددى

بىر يولۇچىنىڭ ماڭغان مۇساپىسىدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا يولۇچىنىڭ هامان ئۆز ئائىلىسىگە قايتىشى زۆرۈر بولغىنىدەك، بىزنىڭمۇ هامان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىشىمىز زۆرۈردۇر. بىر كۈنىمىزنىڭ ئۆتكىنى گۆرگە بىر كۈنىمىزنىڭ يېقىنلاشقىنى. شۇنداق، بىزنىڭ هاياتىمىز چەكلىك. بىز ھەتتا، قاچان، قەيەردە، قانداق سەۋەب بىلەن ئۆلىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. شۇڭا دۇنياغا زىيادە بېرىلىپ غەپلەتتە قالماسلىقىمىز، بۇ دۇنيادىكى ئىش-ئەمەللىرىمىزنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان ئۇ دۇنيانىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ(يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟**'' {سۈرە«قىيامەت»(75-سۈرە)، 36-ئايەت}؛ ''**جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا ياراتتىم**'' {سۈرە«زارىيات»(51-سۈرە)، 56-ئايەت}.

بۇ دۇنيا پەقەت بىر ئىمتىھان مەيدانى. رەسۇلۇللاھ بىزگە، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال مۇنداق 4 نەرسىدىن سورىلىدىغانلىقىمىزدىن ئاگاھلاندۇرغان: ''**1-بەندە ئۆمرىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقى؛ 2-ئۆگەنگەن بىلىمىنى نېمىلەرگە ئىشلەتكىنى؛ 3-ئىقتىسادىنى قايسى يول بىلەن تېپىپ، نېمىلەرگە سەرپ قىلغانلىقى؛ 4-ئۆز ۋۇجۇدىنى قانداق ئىشلارغا خوراتقانلىقى**''(تىرمىزى، دارىمى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، بىز بالاغەتكە، يەنى ئەقىل يېشىمىزغا يەتكەنىدىن تارتىپ تاكى جان تەسلىم قىلغۇچە بولغان بارلىق ئىشلىرىمىزدىن ھېساب بېرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر تىنىقىمىزدىن، ھەربىر باسقان ئىزىمىزغىچە، ھەربىر سۆزىمىزدىن، ھەربىر ھەرىكىتىمىزگىچە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

رەسۇلۇللاھ: ''**بەش نەرسىنى، بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن: 1-ياشلىقىڭنى قېرىشىڭدىن بۇرۇن، 2-تەن ساقلىقىڭنى ئاغرىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، 3-بايلىقىڭنى كەمبەغەللىشىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، 4-بوش ۋاقتىڭنى ئىش بىلەن بەند بولۇشۇڭدىن بۇرۇن، 5-ھاياتىڭنى ئۆلۈشىڭدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن**'' (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

ئى قېرىنداشلىرىم! بىز بۇ دۇنيادا ھوقۇق ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىپ، پۇل-بايلىققا كۆمۈلۈپ بېشىمىز كۆككە تاقاشسىمۇ ياكى كەمبەغەللىكتە، خارۇزارلىقتا ياشىساقمۇ بىز پەقەت ئاللاھنىڭ قۇللىرى خالاس. بىزنىڭ ئىككى ئالەملىك ئورنىمىزنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى پەقەت قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىمىز ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ، بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ توكۇلدى، شاماللار ئۇنى(تەرەپ-تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر. باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر**'' {سۈرە«كەھف»(18-سۈرە)، 45-، 46-ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىز: ''**مېيىتقا ئۇنىڭ ئەھلى، مېلى ۋە ئەمەلىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ، بىرى قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەھلى بىلەن مېلى قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلى مېيىت بىلەن بىللە قېلىپ قالىدۇ**'' دېگەن ئىدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، بىز بۇ دۇنياغا مۇساپىر، شۇنداقلا بىر-بىرىمىزگە مېھمان. شۇڭا بىر-بىرىمىزنىڭ قەدىر-قىممىتىنى، ھۆرمىتىنى قىلايلى! بىر-بىرىمىزگە مېھرى-شەپقىتىمىزنى يەتكۈزەيلى، كۆيۈنەيلى! قولىمىزدىن كېلىشىچە يار-يۆلەكتە بولايلى! بىر-بىرىمىزگە سەممىمي سادىق، توغرا نىيەتتە بولۇپ، بىر-بىرىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى، بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلايلى! كۆڭلى-كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئادالەت-ھەققانىيەتنى ياقلاپ، تىنچلىق، ئىناقلىق ئىچىدە مەمنۇنىيەت بىلەن ياشايلى! بىر-بىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىمىزنى ئادا قىلىپ، بىر-بىرىمىزنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيلى! ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى!

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەشھۇر تەپسىرشۇناس ساھابە ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ياقۇپجان ئەزىز

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نىگىزلىك مۇقەددەس كىتابى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى دەستۇرى. قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغان ئەھكام ئايەتلىرى يىغىنچاق، مېغىزلىق بايان قىلىندۇ، بۇ ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېت ئىزاھاتلاپ تەپسىرلەپ بېرەتتى. ئىسلام دىنى روناق تېپىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ: **”كىمكى ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا ماڭسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ“، ”مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)....دەپ ئېيتقان ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئىمان ـ ئېتىقاد بىلەن ئىلىم ئۆگىنىش روھى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا قان بىلەن گۆشتەك سىڭىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىگە بولغان ئېھتىياجى بارغانسېرى كۈچەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر

## ساھابى كىراملار

تۈركۈم ساھابىلەر يېڭىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يۇرتلارغا ھەرخىل ۋەزىپە بىلەن بېرىپ، قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن ۋە يادلىۋالغان بىلىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شۇ يۇرت ئەھلىگە ئەينەن، ئۆز پېتى ئۆگىتىش ئارقىلىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىلىمنى تارقىتىشقا ئاتلانغانىدى. ئۇ ئىلىم سورۇنلىرى مەدرىس دەپ ئاتىلىپ، ساھابىلەر ئۇستاز، تابىئىنلار شاگىرت بولدى. بۇ مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلارنىڭ سانى بىرنەچچە يۈزدىن بىر نەچچە مىڭغا يېتىپ باردى. ئەبى ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”بىر يىلى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەج پائالىيىتىگە ئەمىر(باشقۇرغۇچى) قىلىپ بەلگىلىگەن، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج مەزگىلىدە ھاجىلارغا سۆزلىگەن خۇتبىسىدە سۈرە«بەقەرە»نى ياكى سۈرە«نۇر»نى شۇنداق تەپسىر قىلغانكى، ئۇ تەپسىرنى رۇملۇقلار، تۈركلەر ۋە دەيلەملەر ئاڭلىغان بولسا چوقۇم مۇسۇلمان بولۇپ كېتەتتى“دەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: ”ئۇ غايىب ئىشلارنى نېپىز پەردىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈپ تۇرغاندەك سۆزلەيدۇ“.[1] بۇنداق مەدرىسلەر ئىسلام دىنى بارغانلىكى يۇرتلاردا بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن مەككە

[1] «ئەسەدۇل غابە» 192 ـ بەت

شەھىرىدىكى، مەدىنە شەھىرىدىكى ۋە ئىراقتىكى(كۇفە، بەسرە شەھەرلىرىدىكى) مەدرىسىلەر ئىسلام تارىخىدا ئەڭ مەشھۇر تەپسىر مەدرىسىلىرى دەپ تونۇلغان. بۇ ئۈچ شەھەردىكى مەدرىسىلەرنىڭ مەشھۇر بولۇشىدا، بىرىنچىدىن، مەككە، مەدىنە شەھىرى ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن مۇقەددەس شەھەر، ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى، ھەرەم مەسچىتى، ئەرەفات تېغى قاتارلىق ئۇلۇغ جايلار بار. مەدىنە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان، ساھابىلەر ماكان تۇتقان جاي ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتى جايلاشقان جاي. ئىراق ئەينى دەۋردىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئىدى. ئىككىنچىدىن، ساھابى كىراملار بۇ مەدرىسىلەردە ئىلىم-مەرىپەتتە، تەقۋادارلىق-پەرھىزكارلىقتا، ئەقىل-پاراسەتتە، دىن-دىيانەتتە، ئەخلاق-پەزىلەتتە، ئېتىقاد-ئەمەلدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تولۇق تەربىيە ئالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلغان ۋە ھايات چېغىدا ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا يۇقىرى باھا بەرگەن.

مەككە مۇكەررەمەدىكى تەپسىر مەدرىسىگە ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ(ھ؟—ھ68\م؟—687) يېتەكچىلىك قىلغان. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن مەككىدىكى «شىئب»، يەنى بەنى ھاشىم مەھەللىسىگە قامال قىلىنغاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىزلاندۇرغان(بۇ ئىش بىئسەتنىڭ 10-يىلىغا توغرا كېلىدۇ). ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالا چاغلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ ھاماچىسى مەيمۇنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ ھاماچىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى ناماز ئۈچۈن تاھارەتكە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ، ئارقىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاھارەت سۈيى تەييارلاپ قويغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ: ’بۇنى كىم قويۇپ قويدى؟‘ دېدى. مېنىڭ قويغانلىقىم خەۋەر قىلىنىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’ئى ئاللاھ! ئۇنى دىندا ئالىم قىل، تەپسىر ئىلمىنى بىلدۈرگىن‘، دەپ دۇئا قىلغان“ دەيدۇ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ئەقىللىق، زېرەك ۋە دىننى توغرا چۈشەنگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇ تېخى 13 ياش بولۇپ، ئۇ داۋاملىق پېشقەدەم ساھابىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ھەدىس ئۆگەنگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئەنسارى كىشىگە: ’كەل بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ھەدىس ئۆگىنەيلى، ئۇلار ھازىر كۆپ‘ دېسەم ئۇ كىشى: ’ئى ئىبنى ئابباس! مەن ساڭا ھەيرانمەن! كىشىلەر سەن ئۆگەنگەن بىلىمگە موھتاج بولىدۇ، دەپ قارامسەن؟ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرغۇن ساھابىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟‘ دەپ بۇ ئىشنى قىلمىدى. مەن ئۆزۈم رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ھەدىس ئۆگەندىم، ئەگەر ماڭا بىر ئادەمنىڭ ھەدىس بىلىدىغانلىق خەۋىرى يەتسە ئۇ كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باراتتىم، ئۇ كىشى كۈندۈزلىرى ئۇخلاپ قالسا، مەنمۇ رىدايىمنى بېشىمغا ياستۇق قىلىپ بوسۇغىسىدا ياتاتتىم، شامال توپىنى ئۇچۇرۇپ يۈزلىرىمنى توپا قىلىۋېتەتتى. ھېلىقى كىشى ئىشىكتىن چىقىپ، مېنىڭ ياتقانلىقىمنى كۆرۈپ: ’ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ بالىسى نېمە ئىش ئۈچۈن كەلدىڭ؟ ئادەم ئەۋەتسەڭ مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارسام بولماسمىدى؟‘ دەيتتى. مەن: ’ياق، مەن كېلىشىم كېرەك‘ دەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمدىن ھەدىسنى سوراپ ئۆگىنەتتىم. ھېلىقى دەسلەپتە مەن بىللە بىلىم ئۆگىنەيلى دېگەن كىشى كىشىلەرنىڭ مېنىڭ ئەتراپىمنى ئوراپ، مەندىن بىلىم سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ’بۇ يىگىت مەندىن ئەقىللىق ئىكەن‘ دېگەن“(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان). ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىندا مۇستەھكەم، ئىمانى كۈچلۈك، توغرا پىكىرلىك، ئەقىل پاراسەتلىك، تەبىئىي ئۆتكۈر، بىلىم دائىرىسى كەڭ، كۆپنى بىلىدىغان ئىستېداتلىق ئالىم بولغاچقا ئۆز زامانىسىدە چوڭ ساھابىلەرمۇ ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىلىم ئۆگەنگەن، پەتىۋا سورىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى بەدرىگە قاتناشقان پېشقەدەم ساھابىلەر بىلەن بىرگە(مەسلىھەت كېڭىشىگە) كىرگۈزەتتى، بۇ ئىش بىرقىسىم ساھابىلەرنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ، بىزنىڭ باللىرىمىز بىلەن تەڭ بىر بالىنى نېمىشقا بىز بىلەن بىر

سورۇنغا كىرگۈزىدۇ؟ دېيىشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ بىلىملىك كىشى دەپ ئۇنى چاقىرىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقان. بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرىگە قاتناشقان پېشقەدەم ساھابىلەر بىلەن بىرگە مېنى چاقىردى، مەن: ئۇ مېنى بۈگۈن ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن چاقىردىغۇ دەپ ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: **'ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە...'**{سۈرە«نەسر»(110 ـ سۈرە)، 1—3 ـ ئايەتلەر} دېگەن سۈرىنى قانداق چۈشەندۈرىسىلەر؟ دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارىتا: 'ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن چاغدا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇشقا، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز' دېدى. بىرقىسمى ھېچنېمە دېمەي سۈكۈت قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: 'ئى ئىبنى ئابباس سەنمۇ ئاشۇلاردەك چۈشىنەمسەن؟' دېدى. مەن: 'ياق' دېدىم. ئۇ: 'سەن قانداق چۈشىنىسەن؟' دېدى. مەن: ئۇ سۈرە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئەجىلى توشقانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ئۇنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا: 'ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەنلىكى سېنىڭ ئەجىلىڭنىڭ توشقانلىقىنىڭ بەلگىسى، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر' دېگەن، دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: 'مەنمۇ پەقەت ساڭا ئوخشاشلا چۈشىنىمەن' دېدى" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). مانا مۇشۇ ھەدىس ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چۈشىنىش قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتىنى ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلىم ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئىلمى ھايات دېيىشكە بولىدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىكى ئەڭ بىلىدىغان كىشى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس"[①]. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭدىن بىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان داڭلىق مۇپەسسىرلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ۋە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى كېيىنكىلەرگە ئۇنىڭ قولىدىن يەتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد ئىبنى جەبرى، ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ، ئىكرەمە، تائۇس ئىبنى كەيسان ئەليەمانى قاتارلىقلار ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر شاگىرتلىرى دەپ تونۇلغان. بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىلمى ھاياتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز:

## سەئىد ئىبنى جۇبەير

سەئىد ئىبنى جۇبەير(ھ45 ـ 95) ئەسلى ھەبەشىستانلىق بولۇپ، نۇرغۇن ساھابىلەردىن بىلىم ئالغان، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ تابىئىنلار ئىچىدىكى بىلىمى مول، پەرھىزكار، كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان بۈيۈك ئالىم ئىدى. ئۇ ھەر ئىككى كۈندە قۇرئان كەرىمنى تاماملاپ تۇراتتى. سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: "تەپسىر ئىلمىنى تۆت كىشىدىن ئۆگىنىڭلار، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ئىكرەمە ۋە زەھھاك"[②]. سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ ھېپزى قۇۋۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئاڭلىغانلىكى گەپنى يادلىۋالاتتى. شۇڭا ئابدۇللا ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: "سەن مەندىن نۇرغۇن ھەدىسنى يادلىۋالدىڭ، مەندىن ھەدىس رىۋايەت قىلغاندا قانداق رىۋايەت قىلىش جەھەتتە دىققەت قىل"، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا كۇفەدىن پەتىۋا سوراپ كەلگەن كىشىلەرگە: "سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئىبنى ئۇممى دەھما، يەنى سەئىد ئىبنى جۇبەير تۇرسا مەندىن پەتىۋا سوراپ كەلدىڭلارمۇ؟" دېگەن.

## مۇجاھىد ئىبنى جەبرى

مۇجاھىد ئىبنى جەبرى(ھ 21 ـ 104) سائىب ئىبنى ئەبى ئەسسائىبنىڭ ئازادگەردىسى. ئۇ تەپسىرشۇناس، فىقھشۇناس، پەرھىزكار، ئابىد، ئىشەنچلىك ئالىملارنىڭ بىرسى ئىدى. ئىمام زەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: "مۇجاھىد ئىبنى جەبرى قارىلارنىڭ، مۇپەسسىرلەرنىڭ شەيخى

---

① «ئەسەدۇل غابە» 195 ـ بەت.

② «ئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان».

دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ تەپسىر ئىلمىنى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسدىن ئۆگەنگەن". [1] مۇجاھىد ئىبنى جەبرى ئابدۇللا ئىبنى ئاببانىڭ خاس، ئىشەنچلىك شاگىرتلىرىدىن ئىدى، شۇڭا ئىمام بۇخارى، ئىمام شافىئىي ۋە باشقا مۇپەسسىر ئۆلىمالار ئۇنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىناتتى. ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇنىڭ تەپسىرىنى «سەھىھۇلبۇخارى»دا رىۋايەت قىلىشى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك، ئادىل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەپسىر ھەققىدىكى بىلىمىگە قول قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەزلى ئىبنى مەيمۇن مۇجاھىد ئىبنى جەبرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: "مەن قۇرئان كەرىمنى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسقا 30 قېتىم ئوقۇپ ئۆتكۈزگەن". "مەن قۇرئان كەرىمنى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسقا 3 قېتىم ئوقۇپ ئۆتكۈزدۇم، ھەربىر ئايەتتە توختاپ، بۇ ئايەت نېمە ھەققىدە نازىل قىلىندى؟ قانداق نازىل قىلىنغان؟ دەپ سورايتتىم". [2] بۇ ئىككى رىۋايەتتە قۇرئان كەرىمنى 30 قېتىم ۋە 3 قېتىم ئۆتكۈزدۇم، دەپ ئىككى خىل رىۋايەت قىلىنغان، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرا، ئاۋۋالقىسى قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇش، تەجۋىدىنى توغرىلاش، گۈزەل ئوقۇش جەھەتلەردە بولسا، ئىككىنچىسى ھەربىر ئايەتنىڭ تەپسىرى، مەنىسى، سىرلىرى ۋە يوشۇرۇن مەنىلىرى ھەققىدە بولغان. سۇفيان ئەسسەۋرى مۇنداق دەيدۇ: "مۇجاھىد ئىبنى جەبرىنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى تەپسىرى ساڭا يەتكەن بولسا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە". [3] يۇقىرىقى باھالارنىڭ ھەممىسى مۇھەققىق ئۆلىمالارنىڭ بەرگەن باھاسى بولۇپ، مۇجاھىد ئىبنى جەبرى رەھىمەھۇللاھنىڭ تەپسىر ھەققىدە يۇقىرى ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇجاھىد ئىبنى جەبرى رەھىمەھۇللاھ ھىجرىيە 104-يىلى مەككە مۇكەررەمەدە نامازدا سەجدە قىلغان ھالەتتە 83 يېشىدا ئالەمدىن كەتكەن.

### ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ

ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ: ئۇ ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەبى رەباھ بولۇپ، ھىجرىيە 27-يىلى تۇغۇلۇپ مەككىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ھىجرىيە 114-يىلى ۋاپات بولغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ رەڭگى قارا، كۆزى ئالغاي، بۇرنى پاناق، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ كېيىن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان. گەرچە بۇ ئالىمنىڭ تەقى-تۇرقى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى، بىلىم-مەرىپەتكە تولغان ۋۇجۇدى ئۇنى كىشىلەرگە بۈيۈك ھۆرمەتكە ئىگە قىلغان. ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "مەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھدىن ئەۋزەل كىشىنى يولۇقتۇرمىدىم...". ئىمام ئەۋزائىي مۇنداق دېگەن: "ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ ئۇنىڭدىن ھەممە كىشىلەر بەك رازى بولغان ھالەتتە ۋاپات بولغان". ئىبنى ھىببان مۇنداق دېگەن: "ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ تابىئىنلار ئىچىدە فىقھشۇناسلىق، چوڭقۇر بىلىملىك، تەقۋادارلىق ۋە پەزىلەت جەھەتتە ئەڭ كاتتىلاردىن ئىدى". ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ ئەقىللىق، تىرىشچان بولۇپ نۇرغۇن ساھابىلەردىن بىلىم ئالغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن 200گە يېقىن ساھابە بىلەن ئۇچراشقان". ئۇ ئىشەنچلىك، مول بىلىملىك، ھەدىسشۇناس، تەپسىرشۇناس ئالىم ئىدى. ئۇ ئۆز زامانىسىدە مەككە شەھىرىنىڭ مۇپتىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە ئەھلىگە: "ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ تۇرسا، مېنىڭ يېنىمغا يىغىلغىنىڭلار نېمىسى؟" دېگەن. [4] ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ھەج بىلىملىرىنى مۇكەممەل بىلىش بىلەن شۆھرەت قازانغان. شۇڭا قەتادە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "تابىئىنلارنىڭ ئىچىدە تۆت ئادەم ھەممىدىن ئالىم، ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ ھەج بىلىملىرىنى بەك بىلىدۇ، سەئىد ئىبنى جۇبەير تەپسىر ئىلمىنى بەك بىلىدۇ، ئىكرىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى بەك بىلىدۇ، ھەسەن بەسرى ھالال-ھارامنى بەك بىلىدۇ". بىز ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغانلارنى تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھنىڭ باشقا شاگىرتلارغا ئوخشاش تەپسىر ئىلمىنى كۆپ رىۋايەت قىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئۆز قارىشى بويىچە گەپ قىلىشنى گۇناھ دەپ قارىغان. ئابدۇل ئەزىز ئىبنى رافىئ مۇنداق دېگەن: "ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھدىن بىر مەسىلە توغرىسىدا سوئال سورىلىۋىدى، ئۇ مەن بىلمەيمەن، دەپ

[1] «ئەل ئەئلام لىززەرەكلى» 6-جىلد 161-بەت
[2] «تەھزىبۇت تەھزىب» 10-جىلد 42-بەت.
[3] «تەپسىر ئىبنى جەرىر» 1-جىلد 30-بەت
[4] «تەھزىبۇت تەھزىب» 7-جىلد 199-203-بەت

www.uyghurkitap.com

جاۋاب بەردى. ئۇنىڭغا ئۆزەڭنىڭ قارىشىڭ بويىچە گەپ قىلىپ بەرمەمسەن؟ دېيىلگەندە ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ مېنىڭ رايىم بىلەن زېمىندا خار بولۇپ يۈرۈشىدىن ئاللاھدىن ھايا قىلىمەن، دېگەن". [1] ئۆلىمالارنىڭ ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھقا بولغان باھاسى ۋە ئۇستازى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ باھاسىدىن ئۇنىڭ ئىلمى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى، پەرھىزكارلىق، تەقۋادارلىق، راستچىللىق ۋە ئىشەنچلىك جەھەتتە بۈيۈك مەرتىۋىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### ئىكرەمە

ئىكرەمە ھىجرىيە 25-يىلى تۇغۇلغان تابىئىن ئالىم. ئۇ تەپسىر ئىلمىنى بەك بىلەتتى. ئۇنىڭدىن 300گە يېقىن ئادەم ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 70دىن جىقراق راۋى تابىئىن ئىدى. ئۇ نۇرغۇن يۇرتلارنى كېزىپ بىلىم ئۆگەنگەن، ئاندىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتىپ كېلىپ شۇ يەردە ھىجرىيە 104-يىلى ۋاپات بولغان.[2] ئۇ بەربەرلەردىن بولۇپ، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئىدى. ئۇ ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ، ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭ ئەسھابلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئىكرەمە رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ھۆججەت قىلىدۇ". ئەلمەرۋەزى مۇنداق دەيدۇ: "بارلىق مۇھەددىس ئالىملار ئىكرەمە رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرۈشكە بىرلىككە كەلگەن". ئىبنى ھىببان مۇنداق دەيدۇ: "ئىكرەمە ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ چوڭ فىقھشۇناس، مۇپەسسىر ئالىم ئىدى". يەھيا ئىبنى ئەييۇبىل مىسرىي مۇنداق دەيدۇ: "ئىبنى جۇرەيج مەندىن ئىكرەمەنىڭ بىلىمىنى يېزىۋالدىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن ياق دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇ بىلىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى كېتىپ قاپتۇ، دېگەن".[3] يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئىكرەمە ئىشەنچلىك، بىلىمى چوڭقۇر، تەپسىر ئىلمىدا كۆزگە كۆرۈنگەن، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ داڭلىق ۋارىسلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

### تائۇس ئىبنى كەيسان ئەليەمانى

تائۇس ئىبنى كەيسان ئەليەمانى ھىجرىيە 33-يىلى تۇغۇلغان تابىئىن ئالىم بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى تەپسىرلەش بىلەن مەشھۇر بولغان. 50كە يېقىن ساھابىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ بىلىمى پۇختا، ئىبادەتكوي، پەرھىزكار، تەپسىر ئىلمىغا تولغان ئالىم بولۇپ، دۇئاسى ئىجابەت كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستازى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: "مەن تائۇس ئىبنى كەيساننى ئەھلى جەننەتمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن". تائۇس ئىبنى كەيسان ھېپزى قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ھوشيارلىقى، بىلىمىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تەقۋادارلىقى جەھەتلەردە بىر مۆجىزە ئىدى. ئىبنى ھىببان مۇنداق دېگەن: "ئۇ يەمەن ئەھلىنىڭ ئەڭ ئابىد كىشىسى ۋە تابىئىنلارنىڭ كاتتىسى ئىدى...". ئىمام زەھەبى مۇنداق دېگەن: "تائۇس ئىبنى كەيسان يەمەن ئەھلىنىڭ شەيخى ئىدى، ئۇ ھىجرىيە 106-يىلى ھەج قىلىۋېتىپ ۋاپات بولغان".[4] تائۇس ئىبنى كەيسان تۆت ئابدۇللا(ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير)دىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ئۇ باشقا ساھابىلەردىن بىلىم ئۆگىنىپ، ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولسىمۇ ئابدۇللا ئىبنى ئابباسدىن تەپسىر ئىلمىنى كۆپرەك ئۆگەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا كۆپرەك تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ شاگىرتلىرىدىن سانىلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تابىئىن ئالىملار ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ داڭلىق شاگىرتلىرى، مەككىدىكى تەپسىر مەدرىسىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق تالانتلىق مېۋىلىرى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مول بىلىملىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا يەتكۈزۈشتە، تارقىتىشتا ۋە تەپسىر ئىلمىنىڭ دەۋرىمىزگە ساغلام يېتىپ كېلىشىدە زور تۆھپە كۆرسەتكەن. ئاللاھ ئۇلارغا كۆپ رەھمەت قىلسۇن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرەم)

[1] «ئەتتەپسىر ۋەلمۇپەسسىرۇن» 1-قىسىم 114-بەت
[2] «تەھزىبۇت تەھزىب» 5-جىلد 421-بەت.
[3] «ئەتتەپسىر ۋەلمۇپەسسىرۇن» 1-قىسىم 112-بەت
[4] «تەھزىبۇت تەھزىب» 5-جىلد 8-10-بەت

# شېرىپجان داموللا ھاجىم

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات

كاتتا ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر، دىنىي ئالىم، تونۇلغان جامائەت ئەربابى شېرىپجان داموللا ھاجىم، جامائەت ئىشلىرىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئاۋام-خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغان دىنىي زات ئىدى. ئۇ بىر ئەسىرگە يېقىنلاشقان ھايات مۇساپىسىدە، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى كەڭ جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بۇرچۇم دەپ بىلگەن، ئىنسانىي، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى بىلەن ئەل ئارىسىدا ئۈلگە تىكلەشنى مەسئۇلىيىتىم دەپ چۈشەنگەن، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، دىنىي ئىشلار، مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئۆزگىچە ئوبرازى بىلەن كەڭ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان كەمتەر مويسىپىت ئىدى.

شېرىپجان داموللا ھاجىم ھىجرىيە 1336-يىلى، مىلادىيە 1915-يىلى تۇرپان ۋىلايىتى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ بازارلىق ئاقتاش مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇغۇپۇر داموللا ھاجى مەۋلەۋىيلىككە ئېرىشكەن چوڭ ئۆلىما بولۇپ، توقسۇندىكى بەش ئەۋلاد تەسىرگە ئىگە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن دىنىي ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد بوۋىلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىم مەركىزى بولغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر بۇخارادا ھەم ھىندىستاندا ئوقۇغان.

شېرىپجان داموللام ھاجىم مانا مۇشۇنداق ئائىلىۋى مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەم دەسلەپكى تەربىيەگە ئىگە بولغان، يەنى 1924-يىلغىچە دادىسى ئابدۇغۇپۇر داموللا ھاجىم مەۋلەۋىدىن بىۋاستە تەلىم ئالغان. 1924-يىلدىن 1932-يىلغىچە توقسۇن بازارلىق دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، باشلانغۇچ دىنىي ئىلىم بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن. 1932-يىلدىن 1942-يىلغىچە توقسۇن بازارلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي ئىلىم بويىچە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن. ئوقۇش جەريانىدا ئىگىلىگەن مول بىلىمى، يېتىلدۈرگەن ئىقتىدارى، تالانتى بىلەن مۇدەررىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، تەكلىپ بىلەن بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن 100دىن ئارتۇق تالىپقا دەرس بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە قەشقەرگە بېرىپ، شىنجاڭ جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا زور تەسىرگە ئىگە بولغان "خانلىق مەدرىس" بىلەن "ساقىيە مەدرىس"دە 1942-يىلدىن 1947-يىلغىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا پۈتۈن قەشقەردىكى مەدرىسلەرنى زىلزىلىگە سالغان. 1947-يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئانا يۇرتى توقسۇنغا قايتىپ كېلىپ تاكى 1958-يىلغىچە توقسۇن بازارلىق مەدرىستە مۇدەررىس بولۇپ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتەك ئۇلۇغ ھەم خاسىيەتلىك ئىشقا كىرىشكەن. 1958-يىلدىن 1966-يىلغىچە توقسۇن بازارلىق جامەسىدە ئىمام بولغان. 1980-يىلدىن 1983-يىلغىچە توقسۇن بازارلىق مەدرىسىدە ئىماملىق قىلىش بىلەن بىرگە توقسۇن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1983-يىلدىن ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۈرۈمچى ياڭخاڭ بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەنىدى.

ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىرپىچان داموللا ھاجىم كىچىك پېئىل، كەمتەر، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، شۈكرى ـ قانائەتچان، ئەپۇچان بولۇپ، كىشىلەرگە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، ساخاۋەتلىك ھەم ئېسىل پەزىلەتلىك ئۆلىما ئىدى. ئۇ مەيلى توقسۇندا، مەيلى قەشقەردە، مەيلى ئۈرۈمچىدە بولسۇن كىشىلەرگە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى، بىلىم بەرگەن ئۇستازلىرىنى قەدىرلىشى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىشىدىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ ئائىلىسىدە بىرىنچى ئۇستاز سالاھىيتى بىلەن بالىلىرىغا تۈرلۈك ئەخلاق ـ پەزىلەت مىزانلىرىغا دىققەت قىلىشنى، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، تېجەشلىك بولۇشنى، شۈكرى ـ قانائەتچان بولۇپ كىبىرلىك قىلماسلىقنى، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئادەت قىلىشنى، ئاجىزلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە يار ـ يۆلەكتە بولۇشنى ئۆگەتكەن ھەم ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرغان.

شىرپىچان داموللا ھاجىم ئۈرۈمچى ياڭ خاڭ بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتىدە ئىمام بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە، جامائەتنىڭ ئىناقلىقىنى، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق روھىنى يۇكسەلدۈرگەن. 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئەسلىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ كونىراپ قالغانلىقىنى، كۆلىمىنىڭ كىچىكلىكىدىن جامائەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى، كەلگۈسىدە شەھەر قۇرۇلۇشى كېڭەيسە، چوڭ يولغا بېسىم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ، مەسچىتنى ئۆزگەرتىپ سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇراجىئەت قىلىپ جامائەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ غوللۇق جامائەت ئەربابلىرىدىن قۇرۇلۇش ھەيئىتى تەشكىللىگەن ھەم ۋەخپە ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقانلارنى رازى قىلىپ ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق كۆچۈرگەن؛ ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقارغان، جەمئىيەتتىن ئىقتىسادىي مەبلەغ توپلىغان ھەم مەسچىت ھەيئەتلىرى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مەبلەغ تەلەپ قىلغان، ئۇزۇن ئۆتمەي تەلەپ قىلغان ئىقتىسادىي مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن جامە قۇرۇلۇشى 1996 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلغىچە بولغان 6 يىل ئارىلىقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىپ، ياڭخاڭ بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتى قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق تاماملانغان. دېمەك، شىرپىچان داموللا ھاجىم جامائەت ئىشلىرىنى ئۆز ئىشىدىن ئەزىز بىلىدىغان، ئەمگەك ۋە مېھنەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، خەيرلىك ئىشلارنى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلايدىغان، جەمئىيەتكە ساخاۋەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلغان، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئۆز ئىدىيىسىنىڭ يادروسى قىلغان زات ئىدى.

شىرپىچان داموللا ھاجىم زېھنى ئوچۇق ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، مەسىلىلەرگە ئىلمىي قاراپ، ئىلىم ئىگىلەش ۋە ئىلىملىك بولۇشنى دىنىي ئىشلار ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلارنى يۇكسەلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇ ھايات مۇساپىسىدىكى بارلىق مۇئامىلىلەردە دىنىي ئىشلار بىلەن پەننىي ئىشلارنى بىر ـ بىرىگە زىت قىلىپ قويمىغان. شۇڭا ئۇ جامائەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن، ئۆزى باشلامچى بولۇپ داۋاملىق ئۆگىنىپ تۇرغان. ئۇ توقسۇندا ئوقۇغان مەزگىلدىلا ئەرەب، پارس تىللىرىنى، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن. قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئىلمى تەۋھىد(ئىلمى كالام)، ئىلمى فىقھە، ئىلمى قۇرئان، ئىلمى تەپسىر، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى مەنتىق، ئىلمى نەھۋى، ئىلمى مەئانى، ئىلمى تەجۋىد قاتارلىق ئىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۆز مەلۇماتىنى كۈچەيتكەن. توقسۇن ۋە ئۈرۈمچىدىكى مەسچىتلەردە ئىماملىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە داۋاملىق ئۆگىنىشنى توختاتمىغان، نەتىجىدە ئۇ ئىسلام دىنى بىلىملىرى چوڭقۇر ھەم نۇتۇق ئىقتىدارى يۇقىرى ئىسلام ئۆلىماسىغا ئايلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى بىلىم سەۋىيەسى بىلەن 1981 ـ يىلى قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە«يۈسۈف»نىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. 1984 ـ يىلى قۇرئان كەرىمنىڭ تولۇق تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشقان. ئۇ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە ئىزدىنىپ، 1996 ـ يىلى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا «ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1997 ـ يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ جۈمە نامىزى ھەققىدە توختىلىپ يەنە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا «جۈمە نامىزى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرى جەھەتتىكى ھەم جۈمە نامىزى ھەققىدىكى بەزى مۇھىم بولغان، ئايدىڭ بولمىغان قائىدە ـ تەرتىپلەرنى بىلىۋېلىشىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

شىرپىچان داموللا ھاجىم ئۇستازلىق ھاياتىدا كۆپلىگەن شاگىرت ـ تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن، ئىلىم مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، مائارىپ ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغان

تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، 1947-يىلىدىن باشلاپ توقسۇن ۋە باشقا جايلاردا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى مائارىپ ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى چىن دىلىدىن قوللىغان، مائارىپقا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلىپ تۇرغان، مەكتەپ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرغان. قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇيالمىغان بالىلارنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەملىشىپ جەمئىيەتتە چوڭ تەسىر قوزغىغان. ئۇ ياش چاغلىرىدىكى كىتاب كۆرۈدىغان، توختىماي بىلىم توپلايدىغان ئادىتىنى قېرىپ ياشىنىپ قالغاندىمۇ جارى قىلدۇرغان. ئۇ ياشلىق مەزگىللىرىدە، قېرىلىق مەزگىللىرىدە بولسۇن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 4تە تۇرۇپ 2-3 سائەت كىتاب كۆرۈشنى، بولۇپمۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇ ئىلىمگە، ئىلىم ئىگىلىرىگە، ئىلىم جەھەتتە مېھنەت قىلغان كىشىلەرگە چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنى قەدىرلىگەن. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن جۈملىدىن كەڭ جامائەتتىن تۇرمۇشتا رەتلىك ۋە پاكىزە بولۇشنى، شەخسىي ۋە ئاممىۋى تازىلىققا ئائىتلىق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئىقتىسادچان بولۇشنى، بۇزۇپ چېچىش ۋە ئىشرەتخور، شۆھرەتپەرەس، ئابرۇيپەرەس بولماسلىقنى، ھاياتتا كىبىرلىك قىلماي ئاددىي ياشاشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى بۇ خىل ئەخلاقىي مىزانلارغا بىر ئۆمۈر ئەمەل قىلىپ، جامائەت ئارىسىدا ھەر ساھە كىشىلىرى ئېتىراپ قىلغان بىر ئۇقۇمۇشلۇق كاتتا دىنىي زاتنىڭ ئوبرازىنى تىكلىگەن. شېرىپجان داموللا ھاجىم جامائەت ئارىسىدا ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئارازلىشىپ قالغانلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشىلاشتۇرۇپ قويغان. جامائەت ئىچىدىكى چوڭ ماجىرالارنى دىنىي شەرىئەت ۋە ئەخلاق، قانۇن-نىزاملىرى بويىچە ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى بىلىم سەۋىيەسى بىلەن جامائەتكە مۇسۇلمانلاردىكى ناماز ئوقۇش، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش، ھېيت نامىزىنى چۈشۈرۈش، خەير-ساخاۋەت قىلىش، مەسچىت ۋە باشقا ئىشلارغا پۇل ئىئانە قىلىش، يېتىم-يېسىرلارغا سەدىقە بېرىش جەھەتلەردىكى دىنىي قائىدە-ئۆلچەملەرنى چۈشەندۈرگەن ھەم ئۆرپ-ئادەتىمىز بولغان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ قائىدىلىرىمىز، نىكاھ ئوقۇشتىكى دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتتىكى قائىدىلەر ھەتتا كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىك بولغاندا بالىغا ئىسىم قويۇشتىكى قائىدىلەرگىچە بولغان ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىكى نامۇۋاپىق ئىشلارنى تۈزىتىپ، ئۇنى ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. توقسۇندا، بولۇپمۇ داموللا ھاجىم تۇرغان رايوندا چوڭلاردىن بىرەرسى ئالەمدىن ئۆتسە بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۆز ئالدىغا نەزىر ئۆتكۈزىدىغان(ھەتتا بەزىدە 20-30 ئۆيدە نەزىر قىلىدىغان) ئادەت بار ئىدى. شېرىپجان داموللا ھاجىم بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، يىغىلىپ بىرلا ئۆيدە نەزىر بېرىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى. ئۆزىنىڭ ئايالى ۋاپات بولغاندا، تۇغقانلىرىنى يىغىپ تەلىم بېرىش بىلەن چوڭ ئۆيدە —— بىرلا ئۆيدە نەزىر بېرىپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۈلگە كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يەنە كەڭ جامائەتنى بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرۇش، بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەشەببۇس قىلغان ھەم ئۆزى بۇ جەھەتتە ئۈلگە ياراتقان. ئۇ مەيلى ئۈرۈمچىدە بولسۇن ياكى يۇرتى توقسۇنغا بارسۇن تېنى ئاجىز بىمارلارنى، ئىگە-چاقىسىز بىمارلارنى، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋاي-مومايلارنى، يۇرت چوڭلىرىنى جامائەتنى تەشكىللەپ يوقلاپ تۇرغان. بولۇپمۇ نامرات كىشىلەرگە پۇل، ماددىي بۇيۇملارنى تارقىتىپ بەرگەن. ئەلئارا مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ دوستلۇق ئەلچىسى سالاھىيىتى بىلەن دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ 1981-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىلياس شېن شياشى ھاجى باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك ئۆمەكنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئىسلام دۆلىتى مىسىرغا ۋە نىگېرىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ دوستلۇق زىيارىتىدە بولغان. 1984-يىل ۋە 1991-يىلى ئىككى قېتىم مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ قەدىمىي ئىسلام دۆلىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە دوستلۇق زىيارىتىدە بولغان. 1983-يىلىدىن باشلاپ ئەرەب ئەللىرى ۋە باشقا ئەللەردىن جۇڭگوغا كەلگەن دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن دىنىي ئۆلىما، ئالىملارنى 50 نەچچە قېتىم كۈتۈۋالغان.

شېرىپجان داموللا ھاجىم دىنىي ۋە جامائەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە تەشكىلنىڭ ئۆزىگە يۈكلىگەن خىزمەتلىرىنىمۇ ياخشى ئادا قىلغان دىنىي زات ئىدى. ئۇ 1981-يىلى توقسۇن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1983-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ

رەئىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شېرىپجان داموللا ھاجىم ئىخلاسمەن ۋە تەقۋادار دىنىي زات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ساق-سالامەت ۋاقتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاغرىپ يېتىپ قالغان چاغدىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ئىبادەتنى ساقىت قىلمىغان، تاھارەت ئېلىپ نورمال ناماز ئوقۇش ئىقتىدارىدىن قالغاندىن كېيىنمۇ، بىر پەتنۇسكە پاكىز توپا ئېلىپ كارۋىتى يېنىدا قويۇپ تەيەممۇم تاھارەت ئېلىپ بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلگەندى. شېرىپجان داموللا ھاجى مەيلى دىنىي ئىشلاردا بولسۇن مەيلى ھۆكۈمەت ۋە جامائەت ئىشلىرىدا بولسۇن تىنىمسىز ئەجىر قىلىپ ھەم زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاۋام خەلق ۋە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە زور ئۆتۈقلىرى بىلەن كەڭ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇپ ئۇلارنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلىگەن. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" مەزگىلىدە ئېغىر زىيانكەشلىككە ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چىن ئېتىقادى ئاساسىدا تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئوڭشىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۆزىگە زورلۇق-زومبۇلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلاردىن قىلچە ئاغرىنمىغان ۋە "گۇناھىدىن" ئاقلىنىپ دىنىي زاتلىق ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلغان. شېرىپجان داموللا ھاجىمنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى ۋە ھايات مېھنەتلىرىنى كۆرگەن شياڭگاڭ سۇمۇرغ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنى زىيارەت قىلدى ۋە 2010-يىلى «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى شەيخى شېرىپجان داموللىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى» دېگەن مەخسۇس فىلىمنى دۇنياغا تارقاتتى. يۇقىرىقى ئەمگەكلىرى ھەم پەزىلەتلىرى بىلەن زور شەرەپلەرگە ئىگە بولغان بۇ دىنىي ئالىم كېسەل سەۋەبى بىلەن 2011-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى ئانا يۇرتى توقسۇندا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرى زىيارەت ئۆمىكى قايتىپ كەلدى


**شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى:** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرى زىيارەت ئۆمىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە قىلغان دوستانە زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 9-مارت ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

شاۋكەت ئىمىن ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدا مۇنداق دېدى: ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز 25-فېۋرالدىن 8-مارتقىچە سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستاندا زىيارەتتە بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن دوستانە ئالاقىلەشتى، شۇ جايدىكى جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچراشتى، بارغانلا يەردە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر زىيارەت داۋامىدا جۇڭگو شىنجاڭنىڭ پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى راۋاجلانغان، ھەر مىللەت ئاما ئىناق بىللە ئۆتتۈۋاتقان ياخشى ۋەزىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگو، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر، دىنلارنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشى، ئورتاق گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى، شۇنداقلا يېڭى نەتىجىلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دوستلۇقنى كۈچەيتتى.

(مېھرىگۈل غوپۇر، «شىنجاڭ گېزىتى»، 2011-يىل 3-ئاينىڭ 11-كۈندىكى ساندىن ئېلىندى)

# ئىسلام لۇغىتى



**نەپس:** روھ، جان، ئۆز، ئۆزى، زاتى، ئەزەمەت، ئىززەت، بىر شەيئىنىڭ جەۋھىرى، ئارزۇ ۋە ئىستەك دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. نەپس ئاتالغۇسى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە بولۇپ جەمئىي 295 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. نەپس ھەم ئىنساننىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇقىنى ھەم ئىنساننىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، ياخشى-يامانلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان مەنىۋىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ: **"ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىنساندىن(يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق"**{سۈرە«ئەنئام»(6-سۈرە)، 98-ئايەت}؛ **"مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ(ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر"**{سۈرە«يۇسۇف»(12-سۈرە)، 53-ئايەت}؛ **"ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ)"**{سۈرە«قىيامەت»(75-سۈرە)، 2-ئايەت}؛ **"ئى ئارام تاپقۇچى جان!"**{سۈرە«فەجر»(89-سۈرە)، 27-ئايەت}؛ **"بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز"**{سۈرە«قاف»(50-سۈرە)، 16-ئايەت}.

**نەپسى زۇلۇم:** ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە زەرەر يەتكۈزىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى دېگەنلىكتۇر. نەپسى زۇلۇم(يەنى ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش) مەنىسىدىكى بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدە جەمئىي 29 قېتىم زىكرى قىلىنغان. بەندىنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان پەرزلىرىنى بەجا كەلتۈرمەسلىك، نەھيى قىلغان ئەمەللەرنى ھالال ھېسابلاش، گۇناھ-مەئسىيەتلىك سۆز ۋە ھەرىكەتتە بولۇش ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغانلىق جۈملىسىدىندۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ. پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلماسلىق، يالغان سۆزلەش قاتارلىقلار ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. سۈرە«فاتىر»نىڭ 32-ئايىتىدە مۆئمىنلەر ئۈچ خىل بولۇپ زىكرى قىلىنغان: "ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار، ئەمەلدە تەقسىر ۋە كەمچىلىك سادىر قىلغۇچىلار(يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدىغانلار"، "ئوتتۇرا ھالدىكىلەر(يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدىغانلار)" ۋە "ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدىغانلار". دېمەك، يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىدىن كۆپ بولغانلار، چوڭ گۇناھلارنى قىلىپ تەۋبە قىلماي ئۆلگەنلەر، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلغانلار، ھالال-ھارام دېمەي مال-دۇنيا توپلىغانلار، ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى غەپلەتتە قىلغانلار، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدىغانلار ۋە ئەمرى-نەھيىلەرگە بويسۇنمايدىغانلار "ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار" ھېسابلىنىدۇ.

**نەپسى ئەممارە:** لۇغەتتە "ئەمرى قىلغۇچى نەپس" دېگەن مەنىدە كەلگەن نەپس ئەممارەنىڭ شەرئىيتىكى مەنىسى "يامانلىققا ئەمرى قىلغۇچى نەپس" دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا مۇنداق دېيىلگەن: **"مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم**

ئىسلام بىلىم گۈلزارى

**ھەققەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر''** [سۈرە «يۈسۈف» (12 ـ سۈرە)، 53 ـ ئايەت]. نەپسى ئەممارە يامان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ھەققەتەن نەپس دېگەن خاس بىر شەيئىدۇر، پەقەت ئوخشىمىغان ئەھۋالغا قاراپ ھەرخىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. ئۇ نەپسى خاھىشقا ئەگىشىپ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگەندە بەندىنى يامان ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ. يامانلىققا ھەۋەس قىلىش نەپسنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر، نەپسى خاھىش ئەرەبچىدىكى ''هوى النفس'' (ھەۋايى نەفسى) نىڭ تەرجىمە مەنىسى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە قارىتىلغان، ئۇ ئاللاھ يولىغا خىلاپ كېلىدىغان، باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلمىشلىرىدۇر. نەپسى خاھىش كىشىلەرنى ھەقتىن ئازدۇرۇپ، ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. نەپسى خاھىشقا يەنە ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، ئۆچمەنلىك، ئىغۋاگەرچىلىك قاتارلىق ھەر خىل ئىللەتلەرمۇ كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر شەخسنىڭ قاباھەتلىك تەرىپى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارغىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ، شۇڭا نەپسى خاھىش ھەربىر ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. نەپسى خاھىش ھەممە كىشىدە بولىدىغان خاسلىق بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ پىر بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قابىل ۋە ھابىل دېگەن ئىككى ئوغلى بولغان، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا قابىلنىڭ ئىنىسى ھابىل تەقدىم قىلغان قۇربانلىقنى قوبۇل قىلىپ، قابىلنىڭكىنى قوبۇل قىلمىغان، شۇ سەۋەبتىن، قابىل ئىنىسىغا بولغان ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قاتىللىقنى سادىر قىلغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **''ئۇ(قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى(ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى''** [سۈرە «مائىدە» (5 ـ سۈرە)، 30 ـ ئايەت]. ئەمما ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ نەھيىلىرىگە رىئايە قىلغان، ئىلاھىي پەزلى ـ رەھمىتىنىڭ سايىسىدا بولغانلارنى ئاللاھ تائالا ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، نەپسانىي ھارام ئىشلىرىدىن يىراق قىلىدۇ، شۇڭا، ياخشىلىققا يۈزلەنگەن بەندىدە نەپسى خاھىشنىڭ ئازدۇرۇش كۈچى ئاجىزلايدۇ.

**نەپسى لەۋۋامە:** ''ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى، ئۆزىنى قىينىغۇچى، تەنقىد قىلغۇچى ۋە پۇشايمان ـ نادامەت چەككۈچى نەپس'' دېگەن مەنىدە كەلگەن نەپسى لەۋۋامە قۇرئان كەرىمدە سۈرە «قىيامەت» نىڭ 2 ـ ئايىتىدە: **''ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى''** دەپ زىكرى قىلىنغان. قىيامەت كۈنى ھەربىر نەپس ئۆزىنى تەنقىد قىلىدۇر، ياخشى بەندە ساۋاب ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قىلمىدىم دېسە، يامان بەندە بۇ يامانلىقلارنى نېمە ئۈچۈن قىلدىم دەپ ھەسرەت چېكىدۇ، پانىي دۇنيادا قىلغان يامانلىقلىرى ۋە ئۆز ئىلكىدە بار بولغان ئىمكانىيەت، پۇرسەتلەرنى ئۆز لايىقىدا تەسەررۇپ قىلمىغانلىقىدىن پۇشايمان ـ نادامەت قىلىدۇ. لەۋۋامە سۈپىتىنى ئالغان نەپس قىلغان يامان ئەمەللىرىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، گۇناھىدىن يېنىپ تەۋبە قىلىشقا تىرىشىدۇ.

**نەپسى مەرزىييە، نەپسى رازىيە:** ''مەمنۇن بولغان نەپس'' دېگەن مەنىدە كەلگەن نەپسى مەرزىييە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا مۇشەررەپ بولغان نەپس دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۈرگە مەنسۇپ بولغان نەپس ئىنسانلارنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار مېھرىبان ۋە رەھىمدىل ئىنسانلاردۇر. بۇ خىسلەتتىكى نەپس ساھىبلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىسى مۇنداق ماقام شەرىپىگە ئىگە قىلىدۇ: **''ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ(ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن''** [سۈرە «فەجر» (89 ـ سۈرە)، 27 — 30 ـ ئايەتلەر].

**نەپسى مۇتمەئىننە:** ''ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكرى قىلىپ ئارام تاپقۇچى نەپس(جان)'' دېگەن مەنىدە كەلگەن نەپسى مۇتمەئىننە ئىمان ئېيتقان، ئىسلامنىڭ ئەمرى ـ نەھيىلىرىگە بويسۇنغان ھەم بۇ جەھەتتە ھېچ شەك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئاللاھقا سۆيگۈ بېغىشلىغان نەپس دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە «فەجر» دە زىكرى قىلىنغان ۋە **''مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن''** دەپ خىتاب قىلىنغان نەپس مانا مۇشۇ نەپسى مۇتمەئىننە(ئارام تاپقۇچى نەپس)دۇر.

**نەپسى مۇلھەمە:** ''ئىلھام بېغىشلىغۇچى نەپس'' دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا يامانلىق ۋە مەئسىيەت يولىنى، ياخشىلىق ۋە تائەت يولىنى ئىلھام بىلەن بىلدۈرىدۇ. نەپسنى كۇفرى ۋە گۇناھتىن پاك قىلغان بەندە مۇرادىغا يەتكەنلەر بولسا، ئازغۇنلۇق ۋە نادانلىق بىلەن نەپسنىڭ قەدرىنى يوقاتقان كىشىلەر نائۈمىد بولغانلار ھېسابلىنىدۇ: **''روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك تۇتقان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسنى(كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ''** [سۈرە «شەمس» (91 ـ سۈرە)، 7 — 10 ـ ئايەتلەر].

(تەييارلىغۇچى: ئادىل ھاجى)



# ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنى قەدىرلەش توغرىسىدا

مۇختەر ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

ئالىم ـ ئۆلىمالار ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى بەندىلىرى، ئۇلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا ئاندىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىز باسارلىرى بولالايدۇ. ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ھۆرمەتلىك، خەلققە ناھايىتى مەنپەئەتلىك بەندىلەردىن ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە ھەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە ناھايىتى ئېنىق، كەسكىن بايان قىلىنغان. ئالىم ـ ئۆلىمالار ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشىتىلغان. ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ رىزىق ـ نېسىۋىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ بولىدىغانلىقى، ھاياتىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن بەرىكەت تاپىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدىغانلىقى، جەننەتتىكى ئورنىنىڭ يۈكسەك بولىدىغانلىقى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ناھايىتى كاتتا ئەمەل ئىكەنلىكى ھەدىسلەردە تەكرار بايان قىلىنغان.

ئالىم ئىلىمنى سۆيگۈچىدۇر، ئالىم خەلقنى، جامائەتنى، ھەقىقەتنى سۆيگۈچىدۇر. ئالىم زالىمغا غەزەپ قىلغۇچىدۇر. ئالىم مەزلۇمغا ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم قولىنى سۇنغۇچىدۇر. ئالىم گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىدۇر. ئالىم ئۆز يۇرتىنى، ئۆز ئائىلىسىنى، ئايالى، پەرزەنتلىرىنى سۆيگۈچىدۇر. ئالىم ياراتقان ئاللاھنى، ئۇلۇغ ئۇستازى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چىن قەلبىدىن ئۇلۇغلاپ سېغىنغۇچىدۇر. پەرز ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى، سۈننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىقرار قىلىپ ئىسپاتلىغۇچىدۇر. ئالىم سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىرلىككە كەلگۈچىدۇر، سەمىمىي ئادەمدۇر. ئالىم ئەرلىك جاسارىتىگە ئىگە ھەقىقىي ئەركەكتۇر، ئالىم يامانىدىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان ئەڭ مۆتىدىل ئادەمدۇر. ئالىم يۇمشاققا پېتىپ قاتتىقتىن قاچىدىغان تومۇر تۇتقۇچى ئەمەستۇر. ئالىم نەپسىنى، ئارزۇ ھەۋەسلىرىنى ھارامدىن، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلىغۇچىدۇر. ئالىم چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ كېچە ـ كۈندۈز تەپەككۇر قىلغۇچىدۇر. شۇڭا ھەربىر ئالىم، ھەربىر ئۆلىما ئىسىل نامايەندىدۇر. ئالىم ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشقا رازى بولغۇچىدۇر. ئالىم كېچىلەردە قۇرئان ئوقۇپ، تەھەججۇد نامىزى بىلەن كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياشلارنى تۆكۈپ قۇدرەتلىك ئاللاھقا سەجدە قىلغۇچىدۇر. ئالىم نادان، بىلىمسىز خەلقتىن يەتكەن ئەزىيەتلەرنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر.

ئالىم ئىسلامنى توغرا چۈشىنىپ، پەن ـ تېخنىكا، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ماڭغۇچىدۇر. ئازغىنە نەرسىگە، ئازغىنە راھەتكە قانائەت قىلىپ، ھەقىقىي خۇشاللىقنى، راھەتنى تائەت ـ ئىبادەتتىن ھاسىل قىلغۇچىدۇر. قولىدا تاغدەك ئالتۇن بولسىمۇ لېكىن قەلب ئاللاھ، قۇرئان بىلەن بولغۇچىدۇر. پۇل، بايلىقنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تېپىپ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغۇچىدۇر. ئۇلار ھەمىشە ئاللاھنى ياد ئەتكۈچىدۇر، نېمەتكە شۈكرى قىلغۇچىدۇر، پۇل ـ بايلىقنىڭ قۇلى

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەستۇر، بايلىقنى ياخشىلىق يوللىرىغا ئاتىۋەتكۈچىدۇر. ئالىم ـ ئۆلىمالار بايلار چاقىرسا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يوقسۇللار چاقىرسا بارمايدىغان تەمەخور ئەمەستۇر. ھەقىقىي ئالىم ئۆز رىزقىغا، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلغۇچىدۇر! ئالىم ماكانغا، زامانغا قاراپ دادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، قۇرئان، ھەدىس، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلغۇچىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ مۇتەئەسسىپلىك بىلەن قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈپ، جاھىللىق بىلەن پەتىۋا چىقىرىپ خەلقنى ئازدۇرۇپ ھالاك قىلغۇچى ئەمەستۇر. ئالىم ھەقىقەتنى سۆيگۈچىدۇر، قۇرئاننى سۆيگۈچىدۇر؛ ناھايىتى ئەستايىدىل، سەممىي، ھالال بىلەن ھارامنى پەرق ئېتىپ ياشايدىغان ئىنچىكە، نازۇك ئادەمدۇر.

ئالىم ھەربىر سۆزنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ سۆزىگە تايىنىپ، كۈچلۈك پاكىت، دەلىل بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر. ئۇ بىھۇدە گەپ ـ سۆزدىن ئۆزىنى ساقلىغۇچىدۇر. ئالىم ئۆز خەلقىگە مېھرىبان، چېھرىدىن خۇشخۇيلۇق، مېھىر ـ مۇھەببەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ھېسسىياتقا باي، ئادەمگەرچىلىكى يۈكسەك ئادەمدۇر، توك، قوپال، رەھىمسىز، ھەمىشە قاپىقىدىن مۇز ياغىدىغان تەتۇر، سەپرا ئادەم ئەمەستۇر. ھەقىقىي ئالىم كىشىدىن ھۆرمەت تەلەپ قىلمايدىغان كەمتەر، پاك ئادەمدۇر. ئالىم ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرگۈچىدۇر. ئالىم ـ ئۆلىمالار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۆزىنى تاۋلىغۇچىدۇر، ئۆز تەقۋادارلىقىنى كۈچەيتكۈچىدۇر. ئۇلار ئىلاھىي مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئامانىتىنى بەندىلىرىگە تولۇق يەتكۈزگۈچىدۇر.

ھەقىقىي ئالىم ـ ئۆلىما ئەڭ ئاۋۋال ئادىمىيلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ نېمە دېگىنىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى بىلگۈچىدۇر. ئۇ ھەرگىز ئۆز سۆزىنى ئۆزى چۈشەنمەيدىغان شاتۇتى ئەمەستۇر ياكى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ”يامان، يامان“ دەپ كىشىلەرنى قورقۇتۇپ خاتا پەتىۋا بېرىدىغان نومۇسسىز كاززاپ ئەمەستۇر. ئالىم راست سۆزلۈك ئىنساندۇركى، شۇڭا ئۇ ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بەرگۈچى دەپ ئاتالغان. ھەقىقىي ئالىم خەلقىنىڭ غەمگۇزارى، ئۇلار ئۆز قەۋمىنى، جامائەتنى ھەم بارلىق ئىنسانلارنى قىزغىن سۆيۈپ، جىمى ئادەمنىڭ مۇھەببەت رىشتىسىنى مەھكەم باغلىغۇچىدۇر، كىشىلەرنى دوستلاشتۇرغۇچىدۇر، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى تىلىگۈچىدۇر.

ئالىم ئاسمانلارنىڭ ھەم يەر يۈزىنىڭ نۇرى بولغان، ھەقىقەتنى بەرپا قىلغۇچى پاك ئاللاھنىڭ ساداقەتمەن بەندىلىرىدۇركى، ئۇلار ھەقىقەت ئۈچۈن، راستچىللىق ئۈچۈن قۇربان بەرگۈچىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”كۆپ نەرسە بىلسىلا ھەقىقىي ئالىم بولمايدۇ، بەلكى قانچىلىك بىلسە شۇنچىلىك ئەمەل قىلسا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ئالىم بولىدۇ“ دەپ توغرا ئېيتقان.

ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ جامائەتتە ھەققى ناھايىتى زوردۇر. شۇڭا يۇرت ـ جامائەت ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ناھايىتى ھۆرمەتلىشى، چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشى، ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى، نوپۇزىنى قوغدىشى، تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىشى، دىن ئۈچۈن قىلىۋاتقان خەيرلىك ئىشلىرىغا ماسلىشىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئىلمى، پەزىلىتى ھەم دۇئاسىنى ئېلىشى لازىم. بىزگە كاتتا ئالىملارمۇ، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئەقلى ھوشى جايىدا، ۋىجدانلىق جامائەت ـ خەلقمۇ كېرەك. بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ ئىككىسى ئايرىلماس گەۋدە بولۇپ، بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئومۇمەن قانداق خەلق بولسا شۇنىڭغا مۇناسىپ ئالىمى بولىدۇ. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ”نادان خەلقنىڭ ھارامدىن موللىسى بولىدۇ“ دېگەن تەمسىلى بىكار ئەمەستۇر. ياخشىلارنى تونۇمىغان خەلقنى شەيتانلار قۇل قىلىدۇ، ئازدۇرىدۇ. ئالىم جامائەتنىڭ بېشى بولسا خەلق ئالىمنىڭ تېنى ئورنىدا بولىدۇ. خەلق كېمە بولسا، ئالىم ئۇ كېمىنى نىشانغا ھەيدەپ ماڭغۇچى كېمىچىدۇر.

ئالىم ـ ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى، ھۆرمەتلەشكە، ئۇلارنىڭ ئىلىشقا تېگىشلىك كاتتا كىشىلەردۇر. ئەمما ئۇلارمۇ ئىنسان بولغاچقا ئۇنداق ـ مۇنداق كەمچىلىكلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. جامائەت ئۇلارنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكلىرىنى كۆرۈپ ”موللا دېگەن ئۇنداق، موللا دېگەن مۇنداق...“ دەپ ئالىمغا، موللىلارغا ھۇجۇم قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلسا توغرا بولمايدۇ. «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ

تەمسىللىرى» ناملىق كىتابنىڭ 5، 6 ۋاراق قىسمى مەخسۇس موللا ـ ئاخۇنلارنى سۆكىدىغان تۆھمەت سۆزلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. بۇنداق ”ماقال ـ تەمسىللەر“نى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي روھىغا، ئەقىل ـ پاراسىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق دېيىلسىمۇ، ئۇنىڭدا سۆكۈلگىنى بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئالىم ـ ئۆلىمالار ئەمەس، بەلكى دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان چۈپرەندە موللىلار، ئۆز شەنىنى بۇلغايدىغان ساختا موللا ـ ئاخۇنلار.

شۇڭا ھەر بىر مۇئمىن بەندە ئۆزىنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى ھەققىدىكى يامان گەپ ـ لەرگە، پىتنىخورلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بەلكى ئۆز ۋىجدانىغا قۇلاق سېلىپ، ھەقىقەتنى تونۇپ، ئۇلارنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىلمى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك. ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىز ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلىم ئۆگىتىش، جامائەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇش، ئىبادىتى كۆپرەك بولۇش... سەۋەبىدىن، تىرىكچىلىك ۋە ئىقتىساد ئىشلىرىغا دېگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلارمۇ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەش، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىقلارغا پۇل خەجلەيدۇ، پۇلغا ئېھتىياجلىق. ھازىر پارتىيە ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىپ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ يۇقىرى مال ـ باھا، يۇقىرى ئىستېمال شارائىتىدا ئۇلار بەزى ۋاقىتلاردا يەنىلا قىيىنچىلىقتا ياشايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار جامائەتكە ۋەز ـ تەبلىغ قىلىپ، دىنىي مەجبۇرىيىتىنى ھەقسىز، خالىس ئادا قىلماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، بەزى شەخسىيەتچى ئادەملىرىمىز يەنىلا ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىز ئۇلارغا قەرزداردەك، ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتمەكتە. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، ياردەم قىلماي ئۆزلىرى چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ يۈرمەكتە.

مىللەتنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى شۇ مىللەتنىڭ روھى، ۋىجدانىدۇر. شۇڭا ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن يۇرت ـ جامائەت مۇستەھكەم بىر گەۋدە بولۇپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتىنى تېپىشى لازىم. ئاخىرىدا بارلىق ئالىم ـ ئۆلىما (موللا) ئۇستازلىرىمىزغا ھەم بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئامانلىق تىلەيمەن. مېھرىبان ئاللاھ ھەممەيلەنگە رەھمەت قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور قاغىلىق ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ سانلىق ھەيئەت ئەزالار يىغىنى 2011 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى (باش كاتىپلىرى) ۋە ”تۆنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىناق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ بەرپا قىلىش“ پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 60تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىنغا يەنە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياسىن ئابدۇرەھىم، مۇئاۋىن باشلىقى ئەخمەت ياسىن، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئېلى ئىمىن قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئەبەيدۇل رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىز قارىھاجىم ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابابەكرى داموللا ھاجى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ سانلىق ھەيئەت ئەزالار يىغىنىدىن بۇيانقى ئىشلىگەن خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتتى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى شاھمەردان ھاجى ئىمىننىياز ۋىلايەت بويىچە 3 ـ قارارلىق دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىكى تالىپلاردىن دىنىي دەرسلەردىن يىللىق ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. يىغىندا يەنە ”تۆنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىناق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ بەرپا قىلىش پائالىيىتى“دە مۇكاپاتلانغان ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى. (تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «ئىناق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ بەرپا قىلىش» پائالىيىتىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىناق مەسچىت، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2010-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنى، تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «ئىناق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ بەرپا قىلىش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى(تەپسىلىي خەۋەر 2011-يىللىق 1-سانىغا بېرىلگەن).

مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 674 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 151 دىنىي جەمئىيەت ۋە 323 نەپەر دىنىي زات مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىناق مەسچىت، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تۆۋەندىكىچە:

## مەسچىتلەر

**ئۈرۈمچى** شەھىرى تيانشان رايونى خانتەڭرى مەسچىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى شەنشى مەسچىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى خوتەن كوچىسى مەسچىتى، ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونى شىمالىي تەييۈەن يولى مەسچىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونى چىڭچۈەن مەسچىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونى غەربىي چوڭ مەسچىت، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى غەربىي چوڭ مەسچىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىڭگىداخۇ يېزىسى تيانشان كەنتى مەسچىتى؛ **ئىلى ۋىلايىتى** غۇلجا شەھىرى بەيتۇللاھ مەسچىتى، غۇلجا شەھىرى خۇيزۇ مەسچىتى، **كۈيتۇن** شەھىرى كۈيتۇن مەسچىتى، غۇلجا ناھىيىسى ئونيار يېزىسى بۇلۇقاي كەنتى مەسچىتى، چاپچال ناھىيە مىلەنچۈەن خۇيزۇ يېزىسى مىلەنچۈەن كەنتى دايۇشۇ مەسچىتى، كۈنەس ناھىيە بازىرى بەشتۆپە كەنتى يېڭىيول مەسچىتى، توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزىسى دۆڭمەھەللە كەنتى 1-مەھەللە مەسچىتى، قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزىسى روشەنباغ كەنتى يېزا ئىگىلىك پونكىتى مەسچىتى، قورغاس ناھىيە ساربۇلاق بازىرى شاڭموسۇن كەنتى مەسچىتى، تېكەس ناھىيە قارا توقاي يېزىسى تۇگېجياڭ مەسچىتى، نىلقا ناھىيە بازىرى 4-مەھەللە مەسچىتى، موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرى ئازاتلىق كوچىسى مەسچىتى، غۇلجا ناھىيە ئۇچۈن خۇيزۇ يېزىسى ئالتۇي كەنتى 4-مەھەللە مەسچىتى؛ **ئالتاي ۋىلايىتى** ئالتاي شەھىرى ئاۋېيتان يېزىسى چىڭگىل مەسچىتى، چىڭگىل ناھىيىسى تاكشىكېن بازىرى بورگېن مەسچىتى، كۆكتوقاي ناھىيە كۆكتوقاي بازىرى 1-مەسچىتى، بۇرچىن ناھىيىسى بازىرى 1-مەسچىتى؛ **تارباغاتاي ۋىلايىتى** چۆچەك شەھىرى قەشقەر مەسچىتى، شىخو شەھىرى خوڭچياۋ كوچا باشقارمىسى شاڭفاڭ مەسچىتى، ساۋەن ناھىيىسى يەنسخەي بازىرى جياخېزى جەنۇبىي كەنت جەنۇبىي مەسچىتى، **سانجى ئوبلاستى** ماناس ناھىيە بازىرى شىگۈەن مەھەللىسى مەسچىتى، قۇتۇبى ناھىيە بازىرى شەنشى مەسچىتى، سانجى شەھىرى شەنشى مەسچىتى، فۇكاڭ شەھىرى بازىرى خۇيزۇ مەسچىتى، جىمسار ناھىيە دايۇ يېزىسى گۇاڭچۈەن مەسچىتى، گۇچۇڭ ناھىيىسى دۆڭمېن مەسچىتى، مورى ناھىيىسى بازىرى گۈلزارلىق مەسچىتى؛ **بۆرتالا ئوبلاستى** ئارشاڭ ناھىيىسى خوختوخ نەسىللەندۈرۈش مەيدانى خوختوخ يېزا ئىگىلىك ئەترىتى مەسچىتى، جىڭ ناھىيىسى تولى يېزىسى داجۇاڭزى كەنتى 2-مەھەللە مەسچىتى، بورتالا شەھىرى چىندېل يېزىسى تامگېنزەڭ كەنتى مەسچىتى؛ **تۇرپان ۋىلايىتى** پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازىرى خەندۇڭ كارىز تۆۋەن مەھەللە جۈمە مەسچىتى، پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسى زېرىپ كەنتى تۇيۇق كارىز مەسچىتى، توقسۇن ناھىيە بوستان يېزىسى جىگدە كەنتى جامە مەسچىتى، تۇرپان شەھىرى كوناشەھەر كوچا باشقارمىسى يېڭى مەھەللە چوڭ مەسچىتى، تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى باغىر كەنتى باغىر جامە مەسچىتى؛ **قۇمۇل ۋىلايىتى** قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسى جۈمە مەسچىتى، قۇمۇل شەھىرى شىخې رايونى جەنۇبىي جۇڭشەن يولى مەسچىتى، قۇمۇل شەھىرى شىخې رايونى سۇجو مەسچىتى، ئاراتۈرۈك ناھىيە تۇخۇلۇ يېزىسى جۈمە مەسچىتى، باركۆل ناھىيە بازىرى مەسچىتى؛ **بايىنغولىن ئوبلاستى** كورلا شەھىرى چارباغ يېزىسى سايباغ كەنتى مەسچىتى، خوشۇت ناھىيە ئۇششاقتال خۇيزۇ يېزىسى كرورەن مەسچىتى، باغراش ناھىيە بازىرى بەخت يولى مەسچىتى، يەنجى ناھىيە بازىرى گاۋفاڭ خۇيزۇ مەسچىتى، بۈگۈر ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى، لوپنۇر ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى، چەرچەن ناھىيە بازىرى جۈمە مەسچىتى، چاقىلىق ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى؛ **قىزىلسۇ ئوبلاستى** ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرى جۈمە مەسچىتى، ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزا ئېگىز كەنتى جۈمە مەسچىتى، ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا قوغۇنچى كەنت 7-گۇرۇپپا جۈمە مەسچىتى، ئاقچى ناھىيە قاراچى يېزا ئاقچى كەنت مەسچىتى؛ **ئاقسۇ ۋىلايىتى** كۇچا ناھىيە رەستە كوچا باشقارمىسى گۈلباغ ئائىلەر كومىتېتى 4-مەھەللە خانىقا مەسچىتى، كۇچا ناھىيە ئائىئۆستەڭ يېزا ئائىئۆستەڭ كەنت 1-، 2-، 3-مەھەللە جامە مەسچىتى، شايار ناھىيە قىزىل بايراق بازىرى بازار كەنت 4-مەھەللە خانىقا مەسچىتى، توقسۇ ناھىيە بازىرى رەستە مەسچىتى، باي ناھىيە بازىرى چوڭ

مەسچىتى، ئاقسۇ شەھرى ئايكۆل بازىرى مەۋلانەم مەسچىتى، ئاقسۇ شەھرى رەستە مەسچىتى، ئونسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزا مەللىئېرىق كەنتى 1 ـ مەھەللە مەسچىتى، ئونسۇ ناھىيە بازىرى يېڭىباغ مەھەللە سائەتلىك مەسچىتى، ئاۋات ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى، ئۇچتۇرپان ناھىيە يېڭىئاۋات يېزا 4 ـ كەنت 3 ـ مەھەللە قۇچى چوڭ مەسچىتى، كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا توققۇزگۈمبەز چوڭ مەسچىتى؛ **قەشقەر ۋىلايىتى** قەشقەر شەھرى ھېيتگاھ جامەسى، قەشقەر شەھرى شامالباغ بازىرى ئۆجمىلىك مەھەللە مەسچىتى، قاغىلىق ناھىيە چاھارباغ بازىرى 6 ـ كەنت 5 ـ مەھەللە جۈمە مەسچىتى، پوسكام ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى، پوسكام ناھىيە كۆيباغ بازىرى 1 ـ مەھەللە مەسچىتى، مارالبېشى ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى چوڭ مەسچىتى، پەيزاۋات ناھىيە بارىن بازىرى ھېيتگاھ مەسچىتى، پەيزاۋات ناھىيە جامباز يېزا بازىرى مەسچىتى، يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا يايلاق كەنت مەسچىتى، يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازىرى دۆلەتبېغى مەسچىتى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قوغان يېزا چاقسا 1 ـ مەھەللە مەسچىتى، كونىشەھەر ناھىيە زەمىن يېزا بازار مەسچىتى، كونىشەھەر ناھىيە مۇش يېزىسى 2 ـ كەنت 3 ـ مەھەللە بازار مەسچىتى، مەكىت ناھىيە قىزىلئاۋات يېزا ھاردۇقئالدى كەنت 2 ـ مەھەللە مەسچىتى، مەكىت ناھىيە تۆمەنتال يېزا تۆمەنتال كەنت 1 ـ مەھەللە مەسچىتى، يوپۇرغا ناھىيە بازىرى يېڭى بازار مەسچىتى، يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبەبازار يېزىسى 5 ـ كەنت مەسچىتى، يەكەن ناھىيە بازىرى باغچائالدى 6 ـ مەھەللە مەسچىتى، يەكەن ناھىيە مىشا يېزىسى 16 ـ كەنت 2 ـ مەھەللە مەسچىتى، يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازىرى 10 ـ كەنت 2 ـ مەھەللە مەسچىتى، يېڭىسار ناھىيە بازىرى دەرۋازا مەسچىتى، يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسى 4 ـ كەنت، 2 ـ مەھەللە مەسچىتى، تاشقورغان ناھىيە تىزناپ يېزىسى جۇشمەن كەنتى مەسچىتى؛ **خوتەن ۋىلايىتى** گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا سىمسىلا بازار مەسچىتى، گۇما ناھىيە بازىرى كۆنچى مەھەللە مەسچىتى، قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا جامە مەسچىتى، قاراقاش ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى، قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا جۇمەبازار كەنتى چوڭ مەسچىتى، خوتەن شەھرى چوڭ جامەسى، خوتەن شەھرى ئىتتىپاق مەسچىتى، خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا چوڭتېرەك مەسچىتى، خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا قاپتۇغ مەسچىتى، لوپ ناھىيە بۇيا يېزىسى بۇيابازار مەسچىتى، لوپ ناھىيە بازىرى چوڭ مەسچىتى، چىرا ناھىيە بازىرى ئىشان غوجا مەسچىتى، چىرا ناھىيە گۈلاخما يېزىسى يېڭى بازار مەسچىتى، كېرىيە ناھىيە توغراغاز يېزىسى ھەزرەتلىك جامە مەسچىتى، نىيە ناھىيە ھېيتگاھ مەسچىتى؛ **شىخەنزە** شەھرى شىخەنزە يېزا لىۋگۇڭ كەنتى مەسچىتى، **قاراماي** شەھرى قاراماي رايونى شىمالىي نېفتلىك قۇرۇلۇشى كەنتى(يوجيەن بىيسۇن) مەسچىتى؛ بىڭتۇەن 3 ـ دىۋىزىيە 51 ـ تۇەن بازار مەركىزى مەسچىتى، بىڭتۇەن 2 ـ دىۋىزىيە 22 ـ تۇەن 32 ـ لىيەن جامە مەسچىتى، بىڭتۇەن 3 ـ دىۋىزىيە 45 ـ تۇەن 3 ـ لىيەن مەسچىتى، بىڭتۇەن 13 ـ دىۋىزىيە خۇاڭتيەن دېھقانچىلىق مەيدانى بوستان مەسچىتى، بىڭتۇەن 5 ـ دىۋىزىيە 89 ـ تۇەن ئۇرۇقچىلىق مەيدانى مەسچىتى.

## ئىلغار كوللېكتىپ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھرى تيانشان رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بىڭتۇەن 8 ـ دىۋىزىيە شىخەنزە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى.

## ئىلغار شەخسلەر

ئابدۇغوپۇر كېرىم(كورلا شەھرى ئىتتىپاق كوچىسى جامەسىنىڭ خاتىپى)، رەئوپ مەرۇپ(توقسۇن ناھىيە بازىرى جامەسىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى)، ھەمدۇللا رەھمىتۇللا(شايار ناھىيە بازىرى ئاق مەسچىت خاتىپى)، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللا(ئۈرۈمچى شەھرى تيەنشەن رايونى ئاق مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ئوسمانجان جالالىدىن(ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزىسى 15 ـ كەنت 5 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ئابلىمىت ئەخمەتتوختى(خوتەن شەھرى ئىتتىپاق مەسچىتىنىڭ خاتىپى)، ليۇ شىنچياڭ(سانجى شەھرى شەنشى چوڭ مەسچىتى ئاخۇنى)، ما شوشىن(ئۈرۈمچى شەھرى شەنشى چوڭ مەسچىتى ئاخۇنى)، ئابدۇرەقىپ داموللا ھاجى(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ئىبراھىم قارى(بىڭتۇەن 2 ـ دىۋىزىيە 22 ـ تۇەن 32 ـ لىيەن مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى)، قۇربانىياز ئادىل(بىڭتۇەن 1 ـ دىۋىزىيە 4 ـ تۇەن 15 ـ لىيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، جاڭ جۇنفېڭ(بىڭتۇەن 5 ـ دىۋىزىيە 88 ـ تۇەن مەسچىتى ئاخۇنى)، نۇرئەخمەت ئىمىن(بىڭتۇەن 3 ـ دىۋىزىيە 51 ـ تۇەن بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ما رۇيرېن(بىڭتۇەن 8 ـ دىۋىزىيە شىخەنزە باش مەيدان بېيچۈەن بازىرى جۇجياجۇاڭ 1 ـ لىيەن مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى)، مەھەممەتتۇرسۇن مەتتوختى(بىڭتۇەن 14 ـ دىۋىزىيە 1 ـ چارۋىچىلىق مەيدانى باشتۇغ مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، مەھەممەت تۇراق(بىڭتۇەن 3 ـ دىۋىزىيە 50 ـ تۇەن 8 ـ لىيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، ئەسئەت قاسىم(بىڭتۇەن 13 ـ دىۋىزىيە ليۇشۇچۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى)، ما جۈڭ(بىڭتۇەن 12 ـ دىۋىزىيە 1 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى شياسىگوڭ مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى)، رەھمان ئەمەت(بىڭتۇەن 3 ـ دىۋىزىيە 49 ـ تۇەن 9 ـ لىيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۆھپىكار دىنىي زاتلار

♥ باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ئۆمەر ھاجى ۋە ئەھەت قارى ھاجى قاتارلىق دىنىي زاتلار بىر قانچە يىلدىن بۇيان پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزا ۋە ناھىيە بويىچە بېيىش ئۈلگىلىرىگە ئايلىنىپ قالماستىن بەلكى بېيىغاندا مائارىپ ئىشلىرىنى، نامرات، مېيىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ھازىرغىچە مىجىت ئۆمەر ھاجىنىڭ باشچىلىقىدا سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ خالىس ياردەملىرى 37 مىڭ 400 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇلتۇردىن بۇيان سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلار پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ھەممە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 103مىڭ 700 يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، قىزىلبايراق بازىرى چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئىسمائىل ئىمىن ھاجى 2005-يىلدىن ھازىرغا قەدەر 60 تىن ئارتۇق نامرات ئائىلىگە ھەر يىلى ئۆز يېنىدىن 11 مىڭ يۈەن بېرىشنى ئۈزۈلدۈرمەي كەلدى، ئاغۋاش كەنتىدىكى نامرات بىر ئاجىزەگە ھەر ئايدا 100 يۈەندىن ھازىرغىچە 7200 يۈەن بېرىپ كەلدى؛ يەنە قىزىلبايراق تەۋەسىدىكى نامرات، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە تېرىقچىلىق قىلىشقا ماددىي ئەشياسى يوقلارغا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 1 مىليون 750يۈەنلىك ئوغۇت، يالتىراق، كېۋەز ئۇرۇقى قاتارلىق زۆرۈر ئەشيالارنى ئۆسۈمسىز تارقىتىپ بەردى. (ئىبراھىم ئەلقەم)

♥ شايار ناھىيە تويبولدى بازىرىدىكى دىنىي زاتلار يېقىندا ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر ئوقۇغۇچىغا 9000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئەھەت مۇھەممەت)

♥ شايار ناھىيە تويبولدى يېزىسىدىكى 79 دىنىي زات بۇ يىل ئەتىياز كىرىشى بىلەن ھەربىرى بىردىن نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇسى ئۈچۈن 320يۈەن ئۆسۈمسىز نەق پۇل بېرىپ تۇردى؛ 2300 كىلوگرام كېۋەز ئۇرۇقى، بىر توننا يالتىراقنى ھەقسىز ياردەم قىلغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ 500 موغا يېقىن كېۋەز يېرىنى ھەقسىز تېرىپ بەردى.

(ئەھەت مۇھەممەت)

♥ ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى ياقۇپ مەتسىدىق 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار بىر دېھقاننىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 500 يۈەن چىقىرىپ، جامائەتتىن 5100 يۈەن توپلاپ بەردى.

ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا بازار چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇرەھىم تۇنىياز 2011-يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنى قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ ئېغىر زەخىملەنگەن بىر دېھقانغا ئۆز يېنىدىن2000 يۈەن، ئۆزى مەسئۇل مەسچىتنىڭ جامائىتىنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 9700 يۈەن بولۇپ جەمئىي 11 مىڭ 700 يۈەن ئىئانە توپلاپ بىمارنىڭ خاتىرجەم داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا تۇما كەنت مەسچىتىنىڭ خاتىپ ئىمامى ياسىن ھاجىم يېقىندا يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىش ئىشىدا پۇلدىن قىسىلىپ قالغان بىر دېھقانغا 300 يۈەن، جامائەتتىن 6700 يۈەن قىممىتىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توپلاپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يورۇق، ئازادە، بىخەتەر ئۆيدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرى چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپ ئىمامى مەھەممەت مۇسا ھاجىم 2011-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۆزى تۇرۇشلۇق مەسچىت جامائىتىنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق مېڭىسىگە قان چۈشكەن بىر دېھقاننىڭ داۋالىنىشىغا 3500 يۈەن ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە بەشئېرىق بازىرىدىكى دىنىي زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر دېھقاننىڭ ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 9 ياشلىق ئوغلىنىڭ داۋالىنىشىغا 3200 يۈەن ياردەم قىلدى.

(قۇربان ئابدۇللا، تۇرغۇن مىجىت)

♥ پەيزىۋات ناھىيە مىشا يېزا مىشا كەنت چوڭ ھويلا مەھەللىسىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى، بوياقچى مەھەللىسىدىكى بامدات مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۇھەممەد ئىمىن ئابلىكىم جاڭگالدىن بىنەم يەر ئېچىپ كېۋەز تېرىپ، بىر ياقتىن بورداقچىلىق قىلىپ بېيىغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكى نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، 3 يىلدىن بۇيان ئۇلارغا 3840 يۈەن نەق پۇل، 4315جىڭ ئاشلىق، 18 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى. (مەخەت ھامۇللا)

♥ توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە جامائەت بۇ يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق، 2010-يىلى 8-ئايدا ئېغىر قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ئۇرۇمچىدە بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىش جەريانىدا پۇلدىن قىسىلغان بىرەيلەنگە 8100يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يېزىغا قاراشلىق قارسۇ جامە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى توختى ھاجى خەلپەت باشچىلىقىدىكى جامائەت 1000 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئۆز مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر ئاجىز، يېتىم-يېسىرغا ياردەم قىلدى. (شاھمەردان ھاجى ئىمىننىياز)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

♥ 2011 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيىتى ساخاۋەتچى ئاتىلار كوللېكتىپىنىڭ مەسئۇلى ھەسەنجان ئابدۇراخمان، ئۈرۈمچى خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيىتى ساخاۋەتچى ئاتىلار كوللېكتىپىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات مەركىزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن باللار ئەخلاق تەربىيەچىسى تۇرسۇنجان ھەسەن، ساخاۋەتچى ئاتىلار كوللېكتىپىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئابدۇرېھىمجان توختى، ساخاۋەتچى ئاتىلار كوللېكتىپىنىڭ ئەزاسى ئەھمەدجان نورۇز، مەھمۇدجان ئەلى، رىشادمۇھەممەد تۇرسۇن، ساخاۋەتچى ئانا مېھرىگۈل مۇھەممەد قاتارلىق ساخاۋەتچىلەر كورلا شەھرىنىڭ ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىپ، ئۇ مەكتەپتىكى ئۆگىنىشى ياخشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا 25 مىڭ 482 يۈەن قىممىتىدىكى تۈرلۈك ئوقۇش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلدى. (ئەھمەتجان ھوشۇر)

♥ باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن ئاۋۇت داۋۇت، ئابدۇشۇكۇر رەھىم قاتارلىقلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئونباش يېزىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا 13 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئارزۇگۈل قادىر 10 يىلدىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرى ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىگە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بولۇپ، 41مىڭ 300 يۈەن ياردەم قىلدى. باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن مۇھەممەت ئەمەت، مەمتېلى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ياقئېرىق بازىرىدىكى جامائەت يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرىغا نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بولۇپ 72مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيە بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى گۆھەرنىسا بىر قانچە يىلدىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرىغا، كەمبەغەللەرگە، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 48مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ شايار ناھىيە تويبولدى بازىرى يېڭى چىمەن كەنت 3 ـ مەھەللىدىكى دېھقان ھەمدۇل توختى ھاجى يېقىندا 23مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ كۆۋرۈك سالدۇرغاندىن باشقا، شادىيېلى خانىغا مەسچىتىگە 30مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى؛ ئۇ يەنە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە سىنىپ يېتىشمىگەنلىكىنى بىلىپ، 48 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ 80 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ سالدۇرۇپ بەردى. (ئەھەت مۇھەممەت)

♥ شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، قىزىلبايراق بازىرى بازار كەنت ئەزاسى ياسىن ئابلا ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئارقىلىق بېيىغاندىن كېيىن 17 نامرات ئائىلىنى ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا يېتەكلىدى، 150تىن ئارتۇق تېخنىك شاگىرت يېتىشتۇردى، 16 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ 800 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە ئىش ھەققى بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 1995 ـ يىلدىن ھازىرغىچە 16 يىل ئىچىدە 77دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە، نامرات ئوقۇغۇچىغا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8000 يۈەندىن ئارتۇق ياردەم بېرىپ كەلدى، 2008 ـ يىلى قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان بىر دېھقانغا 23مىڭ يۈەن خالىس ئىئانە قىلدى. (ئىبراھىم ئەلقەم)

♥ شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، تويبولدى بازىرى باغۋەن كەنت ئەزاسى ياقۇپ راخمان ھاجى باقمىچىلىق قىلىپ بېيىغاندىن كېيىن 1995 ـ يىلدىن بۇيان ھازىرغا قەدەر نامراتلارغا ھەر يىلى 8000 يۈەن نەق پۇل، 84 كىلوگرام گۆش تارقىتىپ بېرىشنى داۋام قىلىپ كەلدى. (ئىبراھىم ئەلقەم)

♥ شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، قىزىلبايراق بازىرى باغۋەن كەنت ئەزاسى ئەخمەت نۇرى قۇملۇقنى بويسۇندۇرۇپ باغ بەرپا قىلىپ، كۆپلىگەن شان ـ شەرەپ ۋە تېگىشلىك بەرىكەت، تاپاۋەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەتراپىدىكى نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالماي، 2004 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئۇلارغا 90مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى، ھەر يىلى 5 تونىنا كۆمۈر، 20 خالتا ئۇن ـ گۈرۈچ تارقىتىپ بەردى؛ ئۇ 2004 ـ يىلدىن 2011 ـ يىلغىچە ئۈزلۈكسىز تارقىتىپ بەرگەن نەق پۇل 350مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. (ئىبراھىم ئەلقەم)

♥ ئونسۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك "ئامانلىق"يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لىدىرى ئەخەت توقسۇن يېقىندا قۇمدەرۋازا ئاھالىلەر مەھەللىسىگە كېلىپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىككى ئائىلىگە 10 مىڭ يۈەن پۇل ۋە 500 يۈەن قىممىتىدە ئۇن، گۈرۈچ، ياغ ياردەم قىلدى. (ئابلەت ئابلىز)

♥ قەشقەر شەھرى بەشكېرەم يېزىسى يېچا 3 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق يەككە تىجارەتچى قۇربان ھاجى ئابلىمىت بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 21 مىڭ 750 يۈەنگە 250 قاپ ئوغۇت سېتىۋېلىپ، كەنت تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 122 ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى.

(ھاپىزجان مۇھەممەد)

غۇلجا ناھىيە قاش يېزا قاراباغ مەسچىتى جامائىتى 2007 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىلدىن بۇيان مەسچىت ئىمامىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆز مەھەللىسىدىكى ھەم قوشنا مەھەللىلەردىكى نامرات، ئاجىز، مېيىپلارغا نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلىپ كەلدى. 2010-يىلى بىر يىل ئىچىدە 57مىڭ 278يۈەن نەق پۇل، 5000 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلىندى.

(روزاخۇن ئۆمەر)

## خەۋەرلەر

⊞ قەشقەر شەھىرىنىڭ 2011-يىللىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 2011-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى قەشقەر شەھەرلىك شامالباغ بازىرى يېڭى زالدا رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. بۇ قارارلىق كۇرسقا شامالباغ بازىرىدىكى 60 نەپەر دىنىي زات ۋە مەسچىت ھەيئەتلىرى بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. (نىجات غوپۇر)

⊞ غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2011-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدىكى بارلىق بىرلىك سەپ كادىرلىرىنى سىياسەت نەزەرىيە بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يارمۇھەممەد ياسىن، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇۋاھىت سەيدىۋاققاس ۋە شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ماخىپىڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. (ياسىنجان)

⊞ غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2011-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدىكى نۇقتىلىق تەربىيىلىنىۋاتقان دىنىي ئىزباسار(تالىپ)لارنى تەشكىللەپ، 2011-يىلى 1-قارارلىق سىياسەت نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2011-يىلى 1-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە دىنىي زاتلارنى تەشكىللەپ، 2011-يىلى 1-قارارلىق سىياسىي نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. غۇلجا شەھىرىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يارمۇھەممەد ياسىن، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇۋاھىت سەيدىۋاققاس ۋە شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ما خېپىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە 19 يېزا، بازاردىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق دىنىي زات بۇ قېتىمقى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. (خالمۇرات ئىبراھىم)

⊞ غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىرلىكتە 2011-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى 100دىن ئارتۇق ئايال مېيىت يۇغۇچى(غەسساله)لارنى تەشكىللەپ، 3-قارارلىق تەربىيىلەش كۇرس ئاچتى. (ياسىنجان)

⊞ بايىنغولىن ئوبلاستلىق 2011-يىل 1-قارارلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسى 3-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن باشلاندى، كۇرسقا ئوبلاستنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 50 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى، كۇرس 15 كۈن داۋاملاشتى. 2011-يىل 5-قارارلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسى 5-ئاينىڭ 4-كۈنى باشلاندى، بۇ كۇرسقا ئوبلاستنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 54 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى، كۇرس 13 كۈن داۋاملاشتى. (ئەخمەتخان ھوشۇر، تاھىرجان قاسىم)

⊞ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2011-يىلى 5-ئاينىڭ 26-كۈنى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزا باغرى مەدرىسى مەسچىتىدە "ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، گۈزەل يۇرت-ماكان قۇرۇش" ئاساسىي تېمىسىدا ۋىلايەت بويىچە 5-نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىن 12 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى. مۇسابىقىگە ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ۋىلايەتلىك، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، تۇرپان شەھىرىدىكى ئىمام-خاتىپلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىدىن بولۇپ 500دىن ئارتۇق كىشى ۋەز-تەبلىغنى ئاڭلىدى. 4 سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشقان مۇسابىقىدىن كېيىن، ئابدۇرۇپ داموللام(توقسۇن ناھىيىسىدىن) 1-لىككە، ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم(پىچان ناھىيىسىدىن)، ئىبراھىم ئەنەيتۇل قارى(تۇرپان شەھىرىدىن) 2-لىككە، مۇھەممەت سېيىت قارى(پىچان ناھىيىسىدىن)، ئادىل داموللا ھاجىم(توقسۇن ناھىيىسىدىن)، غوجەخمەت قېيۇم قارى(تۇرپان شەھىرىدىن) 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قالغان 6 نەپەر دىنىي زات رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۈزۈمچىلىك يېزا باغرى مەدرىسى مەسچىتى، بىر قىسىم ساخاۋەتچىلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قوللاپ يېقىندىن ياردەم بەردى.

(شاھمەردان ھاجى ئىمىننىياز)






تۈركىيە دىن ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى دوكتور مەھمەد كورمەزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، داڭلىق جامە - مەسچىتلەر، ئىسلام تەتقىقات مەركەزلىرىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى.





2011 - يىللىق ھەج خىزمىتى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە ۋە مەدىنە قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن 2011 - يىللىق ھەج خىزمىتى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك كېلىشىمنامەلەرنى ئىمزالىدى.





2011 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئىنستىتۇت قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا لىنتا كەستى ھەمدە ئۇل تېشىغا توپا تاشلىدى.



2011 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



2011 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىچكىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى شەمسىددىن، رامزان، مۇھەممەد ئابدۇللا تارتقان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



ISSN 1007-5836

9 771007 583001 06>

公开发行

《中国穆斯林》（维吾尔文版）
国际标准刊号：ISSN1007—5836
国内统一刊号：CN11—1346/B
国内邮发代号：（新）58—167
国外发行代号：Q1720
定价：5.00元

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 5.00 يۈەن